

مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# ميراس

# MIRAS 米拉斯

MIRAS HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

4
2008

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاناستىكى ئاق تېرەك



نارات مەنزىرىلىرى



پۇلات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2008 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 108 ـ سان)

## ئادەت قېرىماس

باللارغا يىلتىزنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەك.....................
..................................................... ۋارىسجان ئەھمەد (1)
«يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار ... ئەركىن سابىر (3)
كېرىيە مەشرەپلىرى ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (22)
ئۇيغۇر هويلا ـ ئاراملىرى ............ داۋۇتجان سامساق (28)
لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا.......
............................................. مويدىن سايىت بوستان (42)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى
.................................... يارمۇھەممەد تاهىر تۇغلۇق (9)
خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر.................
.................................................................... قەيسەر قۇربان (62)
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەھرىرلىكىدە ئويلىغانلىرىم
.................................................................. خاسىيەت ئەمەت (73)
مۇقاۋا لايىھىلەشتىكى ھېس قىلغانلىرىم .... ئەزىزە تۈيغۇن (75)

## مەنىۋىيەت يۈلتۈزلىرى

ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار ........
................................................ ئابدۇرۇسۇل سىيىت (33)



باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسهاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: ( 0991) 4554017
Fax: ( 0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E - mail: mirasuyghur @ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


90 يېشىڭىزغا مۇبارەك .................... ھېيتەم ھۇسەيىن (53)

### دۇنياغا نەزەر

ياشلار دۆلىتى تۈركىيە ۋە تۈركىيە ياشلىرى ........................................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ (48)

### ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ

خوتەن قاشتېشىنىڭ سالامەتلىكتە بولغان شىپالىق رولى.................................................. ئوبۇلھەسەن داۋۇت (52)

### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

خوتۇنىدىن يامانلىغاق ......... توپلىغۇچى: قېيۇم مەمتىمىن (55)

### ئەينەك

كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن .......... مۇھەممەد رەھىم (59)

### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى............................................ تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (64)

### كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ........................................ مېھرىگۈل قادىر (77)


مۇقاۋىدا: تەخسە ئۇسسۇلى    ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك سىزغان
مۇقاۋىنى ئەزىزە تۇيغۇن لايىھىلىگەن
كوررېكتورى: ھاۋاخان ئارىپ


Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki
Hursanay Mamtimin


2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشمىز!

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园


主编:
玉素甫·依莎克
副主编:
穆合塔尔·穆罕默德
编辑:
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode: 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991) 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥




# بالىلارغا يىلتىزىنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەك

بىزدە يەتتە ئەجدادنى بىلىش قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارمۇ ئەجدادنى تۈزۈكرەك بىلمىگەچكە بالىلارمۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى، قان - قېرىنداشلىرىنى بىلمەي مېھىر - مۇھەببەت سۇسلىشىپ كېتىش، قېرىنداشلىق مېھىر ئاجىزلاپ قېلىشتەك ناچار خاراكتېر شەكىللىنىۋاتىدۇ. ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ بالىلاردا ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى، ئەجدادىنىڭ تارىخىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتقىلى، ئىناق ئائىلە ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى، ساغلام بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقىلى، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشنى كۈچەيتىپ، توغرا ياشاش يولىنى تېپىشقا ياردەم بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، بالىلارغا نەسەبنى بىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر:

1) ئائىلە نەسەبنى يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئارقىلىق بىلدۈرۈش كېرەك. كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپى ھەم ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇچۇرلاشقان بۈگۈنكى كۈندە ساۋاتسىزلىق ئاساسەن تۈگىتىلىپ، ئانا تىلدا يازالمايدىغان ۋە خەت ئوقۇيالمايدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئەجداد نەسەبنى بىلگەنلىرى ۋە باشقىلاردىن سوراپ ئاڭلاپ دەلىللىگەنلىرى بويىچە نەسەبنامە يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش، بالىلارغىمۇ نەسەبنى يېزىپ قالدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىش لازىم. بۇنداق يازما نەسەبنامە ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشسا، ھەتتا ئاتا - ئانىلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئەجدادىنى بىلىش ھەم چۈشىنىشىگە، نەۋرە،

ئەۋرە، چەۋرىلەر ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، تونۇشۇش ۋە ئىزدىنىشىشكە تولىمۇ قۇلايلىق بولىدۇ.

2) نەسەبنامە دىئاگراممىسىنى سىزىش ئارقىلىق نەسەبنامە قالدۇرۇش لازىم. بەلگىلىك ساپا ۋە لايىھەلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ئۆزى ياكى بالىلىرىغا نەسەبنامە يازدۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى (ئەڭ چوڭ) ئەجدادى بويىچە نەسەبنامە دىئاگراممىسىنى سىزدۇرۇپ، چۈشىنىشكە، ئەستە قالدۇرۇشقا قۇلايلىق بولغان شەكىللەر بىلەن نەسەبنى تۇرغۇزۇش لازىم. كۆرگەن ئادەم ئاتا - ئانا تەرەپ ۋە جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ.

3) ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ ۋە سۈرەت ئارقىلىق نەسەبنى قالدۇرۇش لازىم. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. شۇڭا ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋەسىيەت، تەربىيە - نەسىھەت، گەپ - سۆزلىرىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ ساقلاش بالىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئەمەلىي تەربىيە بېرىشنىڭ، تارىخنى بىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

سىنئالغۇ ئارقىلىق ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى، نەسىھەت - تەربىيىلىرىنى قالدۇرۇش، ئىناق، ئىجىل بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە نەسىھەت قالدۇرۇش، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ مەۋھۇم سىيماسىنى، روھىي ھالىتىنى، چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇشى، ئەسلىشى ئۈچۈنلا قىممىتى بولۇپ قالماستىن، مۇھىمى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمىتىنى، ئەجدادىنىڭ توغرا بولغان قىممەت ۋە تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

رەسىم ئارقىلىق نەسەبنى قالدۇرغاندا گەرچە ئۈنئالغۇدەك بىۋاسىتە كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمىسىمۇ، يەنىلا يازما خاتىرە، دىئاگراممىا قالدۇرغاندىن ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئەۋلادلار ئوخشاشلا كۆرۈش، تونۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

4) تۇغقان يوقلاش ئارقىلىق نەسەبنى بىلدۈرۈش لازىم. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تۇغقانلار ئارا بېرىش - كېلىش قىلدۇرۇش، تۇغقانلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىش، ئاغرىپ قالغاندا يوقلاش، ياشانغان، ئاجىز، مېيىپ ئاتا - ئانىلارغا قارىتىش ئارقىلىق بالىلار بىلەن چوڭلار، بالىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ ھەم قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، تۇغقانلار ئارا ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى، بالىلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسىنى، ياشاش ئېڭىنى ئاشۇرۇپ مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرمەكتە، بۇنداق قىلىشنىڭمۇ نەسەبنى چۈشىنىشكە ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

5) ھېيت - ئايەملەردە قەبرە يوقلاش ئارقىلىق نەسەبنى بىلدۈرۈش لازىم. ناۋادا يازما خاتىرە ۋە سۈرەت، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئەجدادىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىش، تارىخىنى سۆزلەش، ياخشى تەرەپلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق بالىلارغا ئەجدادلىرىنىڭ كىم - كىملەر ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ نام - شەرىپى، تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈش كېرەك.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش تولىمۇ زۆرۈركى، مەيلى ئەجدادىنىڭ نەسەبى قالدۇرۇلغان بولسۇن ياكى قالدۇرۇلمىغان بولسۇن، رەسىم قاتارلىق كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەر بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئەجدادىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىش، تارىخىنى بىلدۈرۈش، ياخشى نام - شەرىپىنى چۈشەندۈرۈپ توغرا بولغان تۇرمۇش قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئەجدادىنىڭ لەقەم، كەسىپ ئالاھىدىلىكى، ھەق - ناھەق قارىشى، تۇرمۇش مەنتىقىسى، يۇرتى قاتارلىقلاردىنمۇ چۈشەنچە بېرىش لازىم.

بالىلارغا نەسەبنى بىلدۈرۈش — بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە، ئەجدادلىرىنىڭ توغرا تۇرمۇش قارىشىنى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى تىكلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى تېپىش، جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# «يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار



ئەركىن سابىر

(بېشى ئالدىنقىساندا)

**14. نەق كۆرگۈلۈك**

بىر كۈنى ئاپام بىلەن مومام شەھەرگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ كىرەيچۇ؟ — دەپ ئەگەشتىم مەن.

— چوپچوك بولغاندىمۇ ئەگىشىدۇ مۇشۇ بالا! — دەپ خاپا بولدى ئاپام. شەھەر دېگەننى ئاي ـ يىللاپ بىرەر قېتىملا كۆرەتتىم. بىزگە ئوخشاش سەھرا بالىلىرى ئۈچۈن سىرلىق ئوردا بىلىنىدىغان شەھەرگە ئۆزىمىز يۈگۈرۈپ كىرىپ چىقالمايتتۇق ـ تە! شۇڭا چوڭلارنىڭ شەھەرگە كىرىدىغان شەپىسى بولسىلا ئەگىشەتتۇق.

— موما، ئاپامغا دېگىنە، شەھەرنى مۇشۇ بىر قېتىم كۆرۈۋالسام كېيىنكى قېتىمدا ئەگەشمەيمەن، — دەپ يېلىندىم مومامغا.

— شەھەر دېگەن سەھراغا ئوخشمايدۇ، سەن بەڭۋاش تېنەپ قالساڭ نەدىن تاپىمىز، — دېدى مومام.

— تېنىمەيمەن، سېنىڭ قولۇڭنى چىڭ تۇتۇۋالىمەن...

— بوپتۇ، بويۇنلىرىڭنى، پۇتلىرىڭنى يۇيۇپ، كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىۋال، — دېدى مومام. مەن مومامنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئەمما ئىشتاننى كىيىۋاتقىنىمدا موموم خاپا بولۇپ:

— سېنىڭ قۇلىقىڭدا زادى گەپ تۇرمايدۇ، ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كىيسەڭ يامان بولىدۇ دەپ شۇنچە ئۆگەتسەم يەنە شۇنداق كىيىۋاتقىنىڭنى قارا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن ئىشتاننىڭ بىر پۇچقىقىنى كىيىپ بولۇپ، يەنە بىر پۇچقىقىغا پۇتۇمنى ئېلىۋاتاتتىم. ئالدىراپ كەتسەم كېرەك. ئۆزۈمنى دەڭسىيەلمەي دۈم يىقىلىپ چۈشتۈم. گەرچە كىگىز ئۈستىگە يىقىلساممۇ بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كەتتى ۋە كىيىملىرىمنى بويىۋەتتى.

— ئەمدى ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كىيگەنگە تويغاندىسەن!؟ — دېدى ئاپام بىر ياقتىن. بۇ كۈنى شەھەرگە كىرىدىغان ئىشىمۇ يوق بولدى، ئاپام بىلەن موموم بۇرنۇمدىكى قاننى توختاتقىچە ۋاخ بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كىيمەس بولدۇم. ئۇنىڭ قانداق يامان بولىدىغانلىقىنى شۇ كۈنى كۆرگەنىدىم. بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى ئۆزۈڭنى دەڭسىيەلمەي يىقىلىپ كېتىسەن دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

**15. دادامنىڭ چۈشەندۈرۈشى**

ئۈجمىلىك دېگەن مەھەللىدە ھەسەن تاغاملارنىڭ ئۆيى بولىدىغان، بىر ياز كۈنى بالىلار بىلەن شۇ يەرگە ئۈجمە يىغقىلى بارماقچى بولدۇق.

— چۈشتە تاغاڭنىڭ ئۆيىدە قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇز جۇمۇ، — دېدى موموم ۋە ئارقىدىن يەنە، — كەچ قالما،

www.uyghurkitap.com



بىزنى ئەنسىرىتىپ قويىسەن،ــ دەپ جېكىلىدى.

ــ ماقۇل موما،ــ دېدىم مەن.

ئۈچىملىك مەھەللىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما قىڭغىر ـ قىيسىق كونا ئۆيلىرى ۋە شور بولۇپ كەتكەن پاكار ـ پاكار تاملىرى ئادەمگە بۇ مەھەللىنىڭ قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

چۈشتە تاغاملارنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچتۇق، ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ھەمرا دېگەن ئاغىنىمىز «سىۋالاي» دەپلا پاكار بىر تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن شۇ چاغدا ھاسا تۇتقان بىر بوۋاي قاياقتىندۇر پەيدا بولدى ـ دە:

ــ ھۇ تەربىيە كۆرمىگەن ئەدەپسىز!ــ دەپ ھەمراغا ھاسىسىنى تەڭلەپ ۋارقىرىدى،ــ قارا، ئۆرە تۇرۇپ سىيۋاتقىنىڭنى، ئۆرە تۇرۇپ سىيسە يامان بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن!؟

ــ بىلمەيتتىمەن بوۋا،ــ دېدى ھەمرا قورقۇپ. بوۋاينىڭ ئەلپازىدىن ھەتتا ياندا تۇرغان بىزمۇ قورقتۇق.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى موماميغا دېيەلمەي دادامغا دېدىم. دادام ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا، بەزى گەپلەرنى يېشىپ بېرەتتى.

ــ ئۆرە تۇرۇپ سىيسە يامان بولىدىغىنى راست،ــ دېدى دادام،ــ ئۆرە تۇرۇپ سىيسە سىيدۈك كىيىمگە چاچرايدۇ. داۋاملىق شۇنداق بولۇۋەرسە بەدەن سىيدۈك پۇرايدىغان بولۇپ قالىدۇ، سىيدۈك پۇراپ قالغان ئادەمنى خەقلەر ئارىغا ئالمايدۇ، ئۆيگە باشلىمايدۇ، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيدۇ. ئەڭ يامىنى ئادەم سىيدۈك پۇراپ قالسا ئۆمۈرلۈك نام بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ئادەمنى ھېچكىم ئارىغا ئالمىغاندىكىن يالغۇزلۇقتا ئىچى سىقىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ...

ــ ئەمىسە ھەمرا ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ــ دەپ سورىدىم شۇئان قورقۇنچ ئىچىدە.

ــ ياق بالام، گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالا بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ،ــ دېدى دادام چۈشەندۈرۈپ. ئەمەلىيەتتە «ئۆرە تۇرۇپ سىيسە يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. لېكىن باللىقتا بەڭۋاشلىق قىلىپ بەزى گەپلەرنى قۇلاقتا تۇتمايدىكەن ئادەم.

**16. ئۇمۇ شۇنداق دېدى**

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا بىر كۈنى ئايگۈل ئىككىمىزگە سىنىپنىڭ تازىلىق نۆۋىتى كەلدى. بۇ قىش كۈنى ئىدى، ئەتىگەندە سىنىپقا كىرسەك مەكتەپنىڭ نۆۋەتچىسى مەشلەرگە ئوت يېقىۋەتكەنىكەن. مەن سۈپۈرگىنى ئېلىپ سىنىپنى سۈپۈرۈشكە باشلىدىم.

ــ توختا،ــ دېدى ئايگۈل،ــ بۇنداق توپا توزۇتۇپ سۈپۈرسەڭ يامان بولىدۇ.

ــ نېمىشقا يامان بولىدۇ، ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ يامان بولىدۇ دېگەندىكىن يامان بولىدۇ!ــ دەپ گېپىدە چىڭ تۇردى ئايگۈل،ــ سەن سۈپۈرەلمەيدىكەنسەن، شۇڭا سىنىپقا قار ئەكىرىپ چاچقىن، مەن سۈپۈرەي.

ــ ماقۇل، ــ دېدىم مەن ۋە كۈرەك بىلەن سىنىپقا قار ئەكىرىپ تۆكتۈم.

ــ يائالللا، شۇ ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمىغان، مانداق چاچىمامسەن بۇنى!

ئايگۈل كوتۇلداپ يۈرۈپ قارنى سۈپۈرگە بىلەن سىنىپ ئىچىگە يېيىپ چاچتى ۋە ئاندىن سۈپۈرۈشكە باشلىدى. مەن پارتىلارنى ئۇيان ـ بۇيان يۆتكىشىپ بەردىم. ئۇ ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ ئىشىك تەرەپتىكى بۇلۇڭغا يىغىپ بولۇپ، پارتىلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ــ قاراپ تۇرىسەنغۇ؟

ــ ئەمىسە نېمە ئىش قىلىمەن؟ بولمىسا مەشنىڭ كۈلىنى تۆكىۋەتەي.

مەن شۇنداق دەپ مەشنىڭ تارتمىسىنى تارتىپ ئالدىم. بىراق كۈل جىق ئەمەس ئىدى.

ــ ئايگۈل، ئەخلەتنى تارتمىغىلا تۆككىن، كۈل بىلەن قوشۇپ تۆكىۋېتىپ كىرەي،ــ دېدىم ئايگۈلگە.

ــ بولمايدۇ، ئەخلەت بىلەن كۈلنى بىرگە تۆكسە يامان بولىدۇ،ــ دېدى ئايگۈل يەنە.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، موماڭدەكلا گېپىڭ جىقكەن، ئەخلەت بىلەن كۈلنى بىرگە تۆكسە قانداق يامان بولىدۇ؟ــ دەپ غۇدۇڭشىدىم مەن.

ــ يامان بولىدۇ دېگەندىكىن يامان بولىدۇ!ــ دەپ ئايگۈل يەنە گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇ جاھىللىق قىلىۋاتاتتى، قىزلار ئوغۇللارغا قارىغاندا «يامان بولىدۇ»لارغا بەكرەك كۆڭۈل قويىسا كېرەك. چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پەرزەنت تەربىيىلىگۈچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىلىق بولغان چاغقىچىمۇ ئانىلىرىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرىدۇ.

ــ قاراپ تۇرىسەنغۇ، ھېلى ساۋاقداشلار كەلسە ھېچ ئىش قىلالمايمىز، ـ دېدى ئايگۈل،ــ كۈلنى ئايرىم، ئەخلەتنى ئايرىم تۆكىۋېتىپ كىر. مەن پارتىلارنى سۈرتۈۋېتىپ، دوسكىنى سۈرتۈۋېتەي.

مەن بۇ جاھىل ساۋاقدىشىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ توپا ـ چاڭ توزىتىپ يەر (ئۆي) سۈپۈرسە يامان بولىدۇ دېگىنىنىڭ مەنىسىنى چوڭ بولغان چاغلاردا ئاندىن بىلدىم. بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى توزىغان چاڭ ـ توزاندا تۈرلۈك مىكروبلار

بولۇپ، ئۇلار نەپەس يوللىرى ئارقىلىق بەدەنگە سىڭىپ كىرىپ تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. شۇڭا چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ يەر (ئۆي) سۈپۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەش دەۋەت قىلىنغان. «ئەخلەت بىلەن كۆلنى بىرگە تۆكسە يامان بولىدۇ»نى مومام «توي بىلەن ئۆلۈم بىر كۈندە بولۇپ قالىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى. بۇنداق دېيىش خوراپىيلىقتەك تۇيۇلسىمۇ، بۇنىڭدا يەنىلا ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنسا كېرەك.

**17. ئېرىق بويىدا**

سەھرا باللىرى ئىشقا پىششىق كېلىدۇ، ئۇلار بوش ۋاقىت بولسىلا ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئېتىزغا چىقىپ ئۆزىگە لايىق ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بولۇپمۇ تەتىل مەزگىلىدە ئەركىن قۇش باللىرىدەك بۆلەكچىلا يايراپ كېتىدۇ. مەنمۇ ئۇ كەملەردە باللارغا قوشۇلۇپ ئېتىزغا باشاق تېرىشقا چىقاتتىم. بىر كۈنى تومۇزنىڭ ئوتتەك ئاپتىپىدا ئۇسساپ چىدىيالمايلا قالدۇق.

—ئاۋۇ تەرەپتىكى ئېرىقتا سۇ باركەن،—دېدى شۇ ئارىدا باللاردىن بىرى. بىز ھەممىمىز ئېرىق بويىغا سۇ ئىچكىلى باردۇق. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن شوخلۇق قىلىشقا باشلىدۇق.

—ھەي باللار، كىمنىڭ تۈكۈرۈكى (تۈكۈرۈك كۆپۈكى) ئەڭ ئۇزاققا ئېقىپ بارىدۇ؟—دېدى شۇ چاغدا بىرەيلەن. بىز قاتار ئولتۇرۇپ ئېرىقتىكى سۇغا تۈكۈرۈشكە باشلىدۇق.

—ھۇ قىلىقسىزلار!—دەپ ئىسراپىل تاغا بىزگە ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ نېرى تەرەپتىكى بىر ئېرىققا توغان سېلىۋاتقانىكەن،—سۇغا تۈكۈرسە يامان بولىدىغىنىنى بىلمەمسەن؟!

بىز جاۋاب بېرەلمەي قالدۇق.

ئىسراپىل تاغا بىزگە يېقىنلاپ كېلىپ:— ئېرىق بويىغا نېمىگە كەلدىڭلار؟—دەپ سورىدى.

—سۇ ئىچكىلى،—دېدۇق بىز.

—سۇ ئىچتىڭلارمۇ؟

—ئىچتۇق.

—سىلەر سۇ ئىچىۋاتقاندا، سىلەردەك بىر توپ بالا ئېرىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە تۇرۇپ سۇغا تۈكۈرگەن بولسا، ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ ئىچكىنىڭلار نېمە بولار ئىدى؟—دېدى ئىسراپىل تاغا ئاخىرىدا چۈشەندۈرۈپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئېلىشقىلى تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز مەيلى ئېقىن سۇ ياكى توختام سۇ بولسۇن سۇغا زادىلا تۈكۈرمەيدىغان بولدۇق. «سۇغا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دېگەنلىك، بىر چاغدا مومامنىڭ ئېيتقىنىدەك «سوغا سىيسەك يامان بولىدۇ»غا ئوخشاش سۇنى بۇلغايسەن دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بۇنىڭدا يەنە سۇنى ئۇلۇغلاش ۋە سۇنى قەدىرلەشمۇ مەزمۇن قىلىنغان، چۈنكى سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى.

**18. ئەخلاقسىزلىق**

بىر يىلى يازدا بىر نەچچە بالا ئېتىزغا بېرىپ ئويناپ كېلىمىز دەپ مەھەللىدىن چىقتۇق. بۇ چاغدا بۇغدايلار كىچىك باللارنى چۆكۈرگۈدەك ئۆسكەنىدى. بىز شۇنچە كەڭ سەھرادا ئويناپدىغان يەر تېپىلمىغاندەك بۇغداي ئېتىزلىقىغا بېرىپ مۆكۈشمەك ئوينىدۇق. بىز تازا بېرىلىپ ئويناۋاتقاندا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئىككى ئاتلىق ئادەم كېلىپ بىزنى قوغلاپ كەتتى. بىز چىر ـ چار قىلىپ ئېرىق ئىچلىرى ۋە دەرەخ ئارىلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتۇق. مەھەللىگە قايتىپ جەم بولغاندىن كېيىن قارىساق ساتتارنىڭ پاچىقىدىن قان ئېقىۋېتىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

—ھېلىقى ئاتلىقلارنىڭ بىرى قوغلاپ كېلىپ پاچىقىمغا قامچا بىلەن قاتتىق ئۇردى،—دېدى. قامچا زەربىسىدىن ئۇنىڭ يۇمشاق ئېتى يېرىلغانىكەن. بۇ ئىشنى دادام ئۇقۇپ ماڭا بەك خاپا بولدى:

—بۇغداينى دەسسىگەن پۇتۇڭلارنى كەتمەن بىلەن چاناپ ئۈزۈۋەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى!—دېدى دادام. بىردەمدىن كېيىن ئاچچىقى يېنىپ،—بۇغداي ياكى باشقا زىرائەت مايسىلىرىنى دەسسىسە، ئۇستىدە ئېغىنسا يامان بولىدۇ دېگەن گەپ بار. چۈنكى دېھقانلار مىڭبىر جاپادا تېرىيدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۈپ مايسا ئۈچۈن تۆككەن قان ـ تەرى ئاز بولمايدۇ. ئۇنى دەسسەپ نابۇت قىلساڭ، دېھقاننىڭ شۇنچە كۆپ ئەمگىكىنى خاراب قىلغان بولىسەن. دېھقاننىڭ ئەمگىكىنى خاراب قىلغان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ،—دەپ چۈشەندۈردى. ئەمەلىيەتتە بىز مايسىنى ئەمەس، تەييار بولۇپ قالغان زىرائەتنى دەسسىگەنىدۇق. دادامنىڭ دېيىشىچە بۇنىڭ يامىنى تېخىمۇ چوڭ ئىكەن. ئەگەر خەق قارغىۋەتسە ئادەمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى دەسسىمەس بولۇپ قالىدىكەن.

—خەق بىزنى قارغىۋەتكەنمىدۇ؟—دېدىم مەن يىغلامسىراپ.

—ئەمدى يەنە شۇنداق قىلساڭلار قارغىۋېتىدۇ!—دېدى دادام كەسكىن قىلىپ.

ھازىر بىلسەم بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ مەنىسى ئاشلىقنى ئۇلۇغلاشتىن باشقا يەنە باشقىلارنىڭ ئەمگەك ـ ئەجرىنى قەدىرلە دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. خەقنىڭ ئەمگەك ـ ئەجرىنى قەدىرلىمىگەنلەر گەرچە ئېسىل سۆپەتلىك كۆرۈنسىمۇ يەنىلا ئەخلاقسىز كىشى ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ بۈيۈك ئەقىدىلىك ھېكمەتتۇر.

**19. يولغا تاش - كېسەك دۆۋىلەپ ئوينىسا**

قاچانلاردىدۇر «ئادەم مەڭگۈ چوڭ بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە. شۇ چاغدا مەھەللىمىزدىكى ھېلىقى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارنىمۇ چوڭ بولمايلا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ «ئادەمنىڭ كەمسىزلىكى تۈگىمەيدۇ» دېگەن گەپ ئىكەن. باللىقتىكى شوخلۇق، بەڭۋاشلىق؛ ياشلىقتىكى بىغەرەزلىك، دۆرەكلىك؛ قىرانلىقتىكى قىزىق قانلىق، ئاڭسىزلىق؛ ئوتتۇرا ياش مەزگىلدىكى تەتۈرلۈك، تۇراقسىزلىق؛ ياشانغاندىكى بىلەرمەنلىك كوت - كوتلۇق؛ قېرىلىقتىكى قارغىشلىق ئاشۇ كەمسىزلىك جۈملىسىگە كىرسە كېرەك. بۇ خىل «كەمسىزلىك» ھەممىلا ئادەمنىڭ ھەممە دەۋرىدە كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن ئايرىم كىشىلەردە باشتىن - ئاياغ مەۋجۇت بولۇشىمۇ ياكى ئايرىم دەۋرلىرىدە كۆرۈلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. دېمىسىمۇ راست، بەزى كۈنلىرى چوڭ-چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرىمىزدىكى بەڭۋاشلىقلىرىمىزنى ئۆزۈمگە مىسال قىلىپ ئولتۇرۇپ بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتكە يەتكەندەك بولىمەن.

شۇ چاغلاردىكى بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى كەچتە مەھەللە چېتىگە چىقىپ يولغا تاش - كېسەك دۆۋىلەپ بىر - بىرىمىزگە چالما كېسەك ئېتىشىپ ئوينىدۇق.

— قىلىدىغان قىلىق تېپىلمىغاندەك نېمە ئىش بۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى گۆگۈم چۈشۈش بىلەن تەڭ ئېتىزغا سۇ تۇتقىلى ماڭغان چوڭلار، — بىر - بىرىڭنىڭ قاش - قاپىقىڭنى ياراي دېيىشەمسەن؟!

— ئاتقان چالما - كېسەكلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە يەتمەيدۇ، — دېدۇق بىز سەۋەب كۆرسىتىپ.

— يەتمىسىلا ھېسابمۇ؟ چوڭلىرىڭ كېلەر يىلى خوتۇن ئالغىدەك بولۇشتۇڭ، شۇنچىلىك بولغىچە يولغا تاش - كېسەك تاشلىسا يامان بولىدۇ دېگەننى بىلمەمسەن؟! دەرھال يولدىكى تاش - كېسەكلەرنى يىغىشتۇرۇش، بولمىسا ئەتىلا ساقايماس كېسەل بولۇپ قېلىشىسەن ياكى بىر پېشكەللىككە ئۇچرىشىسەن!

چوڭلار شۇنداق دەپ ئېتىزغا كەتتى. بىز «ئۇلار دەۋېرىدۇ!» دەپ ھېچ ئىش بىلەن كارىمىز يوق ئۆيلىرىمىزگە تاراپ كەتتۇق. ئەمما ئەتىسى: روزاخۇننىڭ بىر كۆزىگە تاش تېگىپ قويۇلۇپ كەتكىنىنى ئۇقتۇق. ئۇ سەھەردە دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بەرگىلى ئېتىزغا مېڭىپتىكەن. بىز چالما - كېسەك ئېتىشىپ ئوينىغان يولغا بارغاندا ئېتىزدىن كېلىۋاتقان تراكتورنىڭ رېزىنكە چاقى ئاستىدىن چاچراپ چىققان تاش كۆزىگە تېگىپتۇ.

— يولغا تاش - كېسەك تاشلىسا يامان بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ — دېدى دادام كۆزۈمگە تىكىلىپ، — يول دېگەندە چوڭلارمۇ، كىچىك باللارمۇ، ئاغرىق - سىلاق ئادەملەرمۇ ماڭىدۇ. يولغا تاش - كېسەكلەر تاشلانسا ئۇلار پۇتلىشىپ يىقىلمامدۇ؟ مەن ساڭا دائىم خەقنىڭ قارغىشى يامان دەيمەن، قارغىش ئاشۇنداق قىلىقسىزلىقتا كېلىدۇ...

دادام ئۆزى كۆرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى. مىساللىرىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يولغا ئەپچىقىپ تاشلىغان تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، پۇلۇنى ئۈزۈۋېلىپ ئۆلگەنلىكىمۇ بار ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يولغا تاش ياكى چالما - كېسەك تاشلىمايدىغان بولدۇق. ساۋابى يوق، قارغىشى بار ئىشلار ئادەمنى شۇئانلا نەس باستۇرىدىكەن.

**20. ھايۋانلارنى تەپسە**

كۈز كېلىش بىلەنلا كىشىلەردە قىشلىق ئوتۇن - كۆمۈرنىڭ غېمى باسىدۇ. خالىق يىراق، يول ئەسكى بولغاچقا بىر ھارۋا كۆمۈر ئەكىلىش ئۈچۈن يولدا كۆرمىگەننى كۆرىدۇ كىشى. بىر يىلى كۈزدە مەنمۇ شۇنداق بىر جاپاغا قالدىم، بولۇپمۇ خاڭغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى «توغرىساي» دېگەن يەردە يېرىم كۈن ۋاقتىم زايە بولدى.

«توغرىساي»دا كۆۋرۈك يوق ئىدى. بۇ قاشتىن ساي ئىچىگە چۈشۈپ، نېرىقى قاشتىن ئۈستىگە چىقىدىغان گەپ ئىدى. يامان يېرى ساي ئىچىدىكى سۇ ئات - ئۇلاغ ۋە ھارۋا چاقلىرىغا يېپىشىپ چىقىپ ھەر ئىككى قاشتىكى يولنى پاتقاق قىلىۋەتكەچكە، ئات - ئۇلاغلار تېيىلىپ ئېغىر كۆمۈر بېسىلغان ھارۋىلارنى تارتالماي، ساي ئىچىدە ھارۋىلار تىقىلىپ تۇرۇپ قالغانىكەن. كېيىن بىز ئۇزۇن ئارغامچىلار ئارقىلىق ھارۋىنى سۆرىتىپ چىقىرىپ، ساي ئىچىدىكى يولنى يېرىم كۈندە ئاران بىكار قىلدۇق. شۇ چاغدا بىر ھارۋىكەش ھارۋىسىغا قوشۇلغان ئۆكۈزنىڭ قورسىقىغا ئاچچىقلاپ بىر نەچچىنى تەپتى. ئۆكۈز ئاغرىققا چىدىيالمىدى بولغاي، ھۆركىرەپ كەتتى.

— ھەي ئۇكامەي، تىلسىز ھايۋاننى تەپمە، يامان بولىدۇ، — دېدى ياشقا چوڭراق بىرەيلەن، — ئۇمۇ خۇدانىڭ جانىۋارى، تىلسىز بولغان بىلەن ئۇمۇ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلايدۇ...

— كۈچەمەيۋاتامدۇ بۇ ھەلەپنى ھارام يېگەن ھايۋان! — دېدى ھارۋىكەش.

— كۈچىمىسە، قولۇڭدىكى قامچا بىلەن بىر - ئىككىنى ساۋاپ قوي، ئەمما تەپمە. بولمىسا ھايۋاننى تەپكەن پۇتلىرىڭ سۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭ تەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى.

چۈنكى مەن پۇتى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئادەمنى شەھەردە كۆرگەنىدىم. ئۇ پۇتىنى ئىچىپ قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانىكەن. دادام بۇ «يامان بولىدۇ»غا تەبىر بېرىپ: «هايۋانلارنى تەپسە، هايۋانلارنى خورلىغانلىق بولىدۇ. دۇنيادا كىم نېمىنى خورلىسا شۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ دېگەن گەپ بار. بۇرۇن بەھرىدىنكام دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ئادەم ئۆكۈزىنىڭ قورسىقىغا ئاشۇنداق تولا تېپەتتى. بىر كۈنى ئۆكۈزى هارۋىسىنى ئەپقېچىپ، بىر يارلىقتا دۈم كۆمۈرۈۋەتتى. بەھرىدىنكام قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى هارۋىدىن پەسكە ئاتقان ئىكەن. ئىككى پۇتى چاق ئاستىدا سۇنۇپ ئۆمۈرلۈك ناكا بولۇپ قالدى ۋە ئۆلگۈچە تارتمىغان كۈنلىرى قالمىدى، هايۋانمۇ غەزەپلەنسە ئۆچ ئالسا كېرەك» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى.

21. ئات ـ ئۇلاغلارنى ئۇلاغ تەرىپىدىن مىنسە

مەھەللىمىزدىكى هۇسىينكام ئۇستا لاپچى ئىدى، ئۇ ئادەم ئەترەتنىڭ ئاتخانىسىغا قارايتتى، بىكارچىلار ئۇنىڭ لاپلىرىنى ئاڭلايمىز دەپ ئاتخانىغا يىغىلىۋالاتتى. بىر كۈنى مەنمۇ بىر ئىش بىلەن شۇ ياققا ئۆتۈپ قالدىم. بۇ چاغدا هۇسىينكام تازا قىزىق پاراڭ باشلىغانىكەن.

ـبىر قارىگىر ئېتىم بار ئىدى، كاساپەت شۇنچىلىك يۈگۈرۈك ئىدىكى، تۇلپار بىكار قالسۇن دەيتتى خەق. بېشىغا يۈگەن سېلىپ، ئۇستىگە ئىگەرنى توقۇپ بولغىچە قويۇندەكلا چېپىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۆزۈم تازىمۇ قارام ئىدىم. ئىگەرنى توقۇپ بولاتتىم ـ دە، لىككىدە قىلىپ ئۇستىگە قونۇپ بولاتتىم. دادام رەھمەتلىك «ۋاي بالام، قاراملىق قىلما» دەپ بولغىچە شەھەرگە كىرىپ بولاتتىم.

بىر كۈنى مەھەللىدىكىلەر قارىۋاغ تەرەپكە ئىسمائىل مەزىننىڭ نامىزىغا ئېيتقىلى ئادەم ماڭدۇرماقچى بولۇشۇپتۇ. قارىۋاغ بىزنىڭ بۇ يەردىن بىر كۈنلۈك يول بولغاچقا يۇرت چوڭلىرى مېنى تاللاپتۇ: «بۇ هۇسىين ئاۋۇ قارىگىر ئېتى بىلەن چۈشكىچە بېرىپ كېلەلەيدۇ» دېيىشىپتۇ. مەنمۇ ياق دېمىدىم، قارىگىر ئاتنى توقۇدۇم ـ دە، ئۇلاغ ـ تەتۈر دېمەيلا ئاتنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. لېكىن بۇ كۈنى قارىگىر ئاتنىڭ نېمە خۇيى تۇتقانىكىن، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ چاپچىۋېدى، ئۆزۈمنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئاتنىڭ ئاستىغا ئوڭدامغا ئۇچۇپ چۈشتۈم. هېلىمۇ تەلىيىمگە ئات مېنى دەسسىۋەتمىدى.

ـــ شۇنداقمۇ قىلامسەن هەي!ـــ دېدى چەتتە قاراپ تۇرغان چوڭلاردىن بىرى،ـــ ئات ـ ئۇلاغنى ئۇلاغ تەرىپىدىن مىنسە يامان بولىدۇ دەيدىغان گەپ بار، بۇنى بۇرۇنقىلار بىكار ئېيتمىغان. «ئات ـــ بىر خۇيى يات» دەپ، ئاتنىڭ مۇشۇنداق خۇيى تۇتىدۇ دېگەن گەپ.

مەن شۇ كەمگىچە ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئۇلاغ تەرىپىدىن مىنسە يامان بولىدۇ دېگەن گەپنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇ قېتىم ئاشۇ چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

هۇسىينكام شۇنداق دەپ پارىڭىنى ئاخىرلاشتۇردى. هۇسىينكامنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار:

ـــ ئۇلاغ تەرىپىدىن مىنسە ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالىدىكەن ـ دە!؟ـــ دېيىشتى. ئۇ چاغدا مەن كىچىك بولغاچقا بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتمىگەنىدىم. هازىر هېس قىلىشىمچە، ئات ـ ئۇلاغنى ئۇلاغ تەرىپىدىن مىندى دېگەنلىك ئادەم ئات ـ ئۇلاغنى سول پۇتى بىلەن مىندى دېگەنلىك بولىدىكەن، ئات ـ ئۇلاغقا سول پۇتنى ئارتىدۇرۇش تولىمۇ قىيىن هەرىكەت بولۇپ، ئادەم يىقىلىپ ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالىدىغان ئىش بولىدىكەن. ئەمدى ئاتنىڭ چاپچىشىغا كەلسەك، ئادەملەر ئات ـ ئۇلاغلارنى سول تەرەپتىن مىنىپ كۆندۈرىدۇ، شۇڭا ئات ـ ئۇلاغلار ئۇلاغ تەرەپتىن مىنسە بۇنداق هەرىكەتنى يات كۆرسە كېرەك...

22. خەقنىڭ هەققىنى يېسە

«خەقنىڭ هەققىنى يېسە بەك يامان بولىدۇ» دەپ مومام كىچىك چاغلىرىمدا كۆپ تەربىيە قىلىدىغان.

ـــموما، خەقنىڭ هەققى دېگەن نېمە؟ـــ دەپ سورىدىم بىر كۈنى.

ـــ خەقنىڭ ئاش ـ تامىقى،ـــ دەپ جاۋاب بەردى مومام.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام قۇمىۇستەڭ مەھەللىسىدىكى روزى بوۋايلارنىڭكىگە بېغىمىزدىكى پىشقان شاپتۇللاردىن ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن قۇمىۇستەڭ مەھەللىسىگە بېرىپ كەلگىچە گۈگۈم چۈشۈپ كەتتى.

ـــ هە، روزى بوۋايلار ساق تۇرۇۋېتىپتىمۇ؟ـــ دەپ سورىدى دادام قايتىپ كېلىشىمگىلا.

ـــساق تۇرۇۋېتىپتۇ، ـــ دېدىم مەن.

ـــ بىرەر گەپ ـ سۆز ئېيتمىدىمۇ؟ـــ دەپ سورىدى دادام يەنە.

ـــرەھمەت ئېيتتى،ـــ دېدىم مەن. ئاندىن قىزى ئايبۇۋى هەدەم لەڭمەن ئېتىپتىكەن، يەپ كەتكىن تاي، مانا قاچىغا سېلىپ بولدۇم دېگىنىگە قارىماي يېنىپ كەلدىم،ـــ دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ـــبۇ ئىشىڭ بولماپتۇ بالام، بوۋايلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىپسەن،ـــ دەپ دادام سەل خاپا بولغاندەك بولدى.

ـــخەقنىڭ هەققىنى يەۋالامدىمكىن دەپ قورقتۇم ...

ـــكىم شۇنداق دېگەن،ـــ دادام كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن:

ـــ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر ۋاخ تاماق يېسە ئۇ خەقنىڭ هەققىنى يەۋالغانلىق بولمايدۇ. خەقنىڭ هەققىنى

يېگەنلىك ۋە خەقنىڭ ھەققىنى يېسە يامان بولىدۇ دېگەن-
لىك- خەقنىڭ پۇلىنى، مېلىنى ۋە ياكى نەرسە- كېرەكلىرىنى
قاقشتىپ ئېلىۋالسا، ئوغرىلىسا، ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا يامان
بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ ـــ دەپ چۈشەندۇردى. شۇنىڭدىن
ئالتە- يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادام بۇ گەپنى: «خەقنى
زار- زار قاقشاتقانلار خەقنىڭ قارغىش- نەپرىتىگە ئۇچ-
رايدۇ، ئەل- يۇرتىنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنىدۇ. ئۇنداق
ئادەملەر ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۆلگەندىمۇ ئاپىرىپ
كۆمىدىغان ئادەم چىقمايدۇ» دەپ يەنە بىر تەكىتلەپ چۈ-
شەندۇردى. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بۇ «يامان بولىدۇ»نى بى-
لمەيدىغانلار يوق ئەمەستۇ بەلكىم دەيمەن!؟

**23. ئىت- مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرسە**

ئۇدا ئاكام (مېنىڭ ئالدىمدىكى ئاكام)نىڭ بەزى پە-
ئىۋالىرىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدىم. كىچىك چاغلىرى-
مىزدا ئۇ مۈشۈك كۆرسىلا تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرەتتى.

ـــ مۈشۈك دېگەن كىچىسى جىنغا ئايلىنىپ ئادەملەرنى
بوغۇپ قويىدۇ، ـــ دەيتتى ئۇ، ـــ قارا، ماۋۇ مۈشۈكنىڭ
ئۆيۈمىزنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىگە نەچچە كۈن
بولدى، چوقۇم بىزنى قەستلەپ يۈرگەن جىن!

ئاكام بىر كۈنى شۇنداق دەپ بىر مۈشۈكنىڭ بېشىغا
تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنى دادامنىڭ ئاكىسى
قادىر چوڭ دادام كۆرۈپ قېلىپ:

ـــ ھۇ قىلىقسىز، ئىت- مۈشۈكنى ئۆلتۈرسە يامان
بولىدىغىنىنى بىلمەمسەن!؟ ـــ دەپ ئاكامنى تاياق بىلەن
ئۇرۇپ قوغلاپ كەتتى «ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاكام قوش-
نىلارنىڭ بىر كۈچۈكىنى (كىچىچە كاگشىپ، ئادەمنى
ئۇخلاتمىدى» دەپ ئوغرىلىقچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى).
قادىر چوڭ دادامنىڭ دېيىشىچە ئىت- مۈشۈك ئاللا تائالا
ئەرشتىن پەرىشتە چۈشۈرگەن خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئەڭ
يېقىن جانىۋارلىرى بولۇپ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش
ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىت- مۈ-
شۈك ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان جانىۋار ھېسابلىنى-
دۇ. ئىت يېزا- قىشلاقلاردا مال- چارۋىغا قاراش، ھوي-
لا- ئاراملارنى كېچە- كۈندۈز ئوغرى- يالغاندىن ساق-
لاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مۈشۈك ئۆي- ئاراملاردا يې-
مەكلىك ۋە ئاشلىقنى بىزەپ قىلغۇچى چاشقاننىڭ كۈشەن-
دىسى بولۇپ، ئىنسانلار ئەلمىساقتىن بۇيان چاشقان يو-
قىتىشتا مۈشۈكتىن ئوبدان پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇرۇنقى
ۋاقىتلاردا ھويلا تاملىرى پاكار ۋە يەنە كېلىپ ھازىرقى-
دەك تۆمۈر دەرۋازىلار بولمىسىمۇ، ئوغرىلار ياكى يامان
نىيەتلىك كىشىلەر يامان ئىت بار ھويلىغا ئۇسۇپ كىرەل-
مەيتتى. يەنە شۇنىڭدەك ئۇ كەملەردە چاشقان ئۆلتۈرۈش
دورىلىرى بولمىسىمۇ، مۈشۈك بار ئۆي- ئاراملاردا چاش-
قانلارغا ئاراملىق بولمايتتى. شۇ چاغلاردا ئاكام شۇن-
داقلىقنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە نەلەردىندۇر بىر پەتىۋا-
لارنى تېپىپ كېلەتتى. كېيىن ئىت- مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرسە
يامان بولىدۇ دېگەننى بىلگەندىن كېيىن ئۇ ئىت- مۈ-
شۈكلەرنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولدى. بۇ يامان بولىدۇنىڭ
مەنىسى ـــ ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسىلەر يوقىتىلسا، ئىن-
سانلارغا زىيانلىق نەرسىلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ دېگەندىن
ئىبارەت ئىكەن.

**24. دەرەخلەرنى سۇندۇرسا ياكى شاخلىرىنى يىرسا**

تال- چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناشنى بالىلىقتا
قايسىبىر كىم بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن؟

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىمىزدا قىيا- چىيا بولۇپ كەتتى،
مەن يۈرىكىم ئاغقاندەك بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقسام، دادام
ئىنىمنى ئۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇكام بىر توپ بالىنى باشلاپ كې-
لىپ، ئات قىلىپ ئوينايمىز دەپ ئىشىك ئالدىمىزدىكى دە-
رەخلەرنىڭ شاخلىرىنى يىرغانىكەن. دادامنىڭ دەل- دە-
رەخلەرنى سۇندۇرغان ياكى شاخلىرىنى يىرغان ئادەمگە بەك
ئاچچىقى كېلەتتى. بىر قېتىم مېنىمۇ شۇنداق ساۋىغانىدى.

ـــ ئاران ئەي بولغان ياپياش كۆچەتنى نېمىشقا سۇن-
دۇردۇڭ؟ ئەگەر شۇ كۆچەتنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭ، بىر-
سى سېنىڭ بېلىڭنى ئۇشتۇۋەتسە، سەن قانچىلىك زارلىنات-
تىڭ- ھە؟! ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى دادام شۇ چاغدا.
كېيىن ئاپام:

ـــ داداڭنىڭ ئاچچىقلىغىنى توغرا، بالام، دەل- دەرەخ-
لەرنى سۇندۇرسا ياكى شاخلىرىنى يىرسا يامان بولىدۇ ئە-
مەسمۇ ـــ دېدى.

دېمىسىمۇ، دۇنيادا يېشىللىق بولمىسا ئېكولوگىيىلىك
تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ. دەل- دەرەخلەرنىڭ ھاۋانى ساپ-
لاشتۇرۇشتا ۋە قۇم- بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە رولى
چوڭ. شۇڭا ئاتا- بوۋىلىرىمىز «دەل- دەرەخلەرنى سۇن-
دۇرسا ياكى يىرسا يامان بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئېكو-
لوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى
مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تەبىئەت بىلەن ئىناق
ئۆتمىسە، تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلسا ئاخىرقى ھېسابتا
ئادەملەر ئۆزىگە زىيان سالغانلىق بىلەن باراۋەر ئىكەنلى-
كىنى تونۇپ يەتمەكتە. دادام ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا،
شۇ چاغلاردىلا بۇنى بىلگەنىكەن. شۇڭا بوش يەر بولسىلا
دەرەخ تىكەتتى ۋە دەل- دەرەخلەرنى سۇندۇرغان، يىر-
غانلارغا شەپقەت قىلمايتتى.

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ پېنسىيونېرى)

(داۋامى بار)




# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى

**يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق**

*تەھرىر ئىلاۋىسى: ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ب د ت پەن ـ مائارىپ مەھكىمىسى 2008 ـ يىلىنى مەھمۇد قەشقىرى يىلى قىلىپ بېكىتتى. بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز. ئالىمنىڭ نام شەرىپى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئۆچمىگەي!*

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بىزگە بەرگەن يەنە بىر قىممەتلىك سوۋغىسى — ئۇ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى، بىزگە تېخى بىرەر كىتابتا مەلۇماتمۇ بېرىلمىگەن بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەپ قويغان. بۇ ئەدەبىي مىراس بىزگە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ھاياتى، تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرى، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى، تارىخىي تەرەققىياتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال؛ بەزىلىرى بىزگە تارىختىن بۇرۇنقى تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئاغزاكى يول بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تارىخنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىگە بولغان يېزىقسىز دەۋرلەردىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى بىلەن تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، بېيىپ خېلى مۇكەممەل مەزمۇنغا ۋە قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ژانىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەڭرىلەرگە، ئىلاھلارغا باغلىنىپ بايان قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېغىزىدا خەلق ھاياتىنىڭ ناھايىتى ساپ، جەلپكار، ئوبرازلىق كارتىنىسى نامايان بولىدۇ. رىۋايەتلەر ئەسلىدىن ئالغاندا شۇ رىۋايەتنى ياراتقان خەلقنىڭ يېزىقسىز تارىخى. ئۇ بىزگە ئىنتايىن گۈزەل ھايات كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر لىرىك شېئىرلاردەك ھېسسىياتتىن ئۇرغۇپ چىققان پىكىر دۇردانىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىلىش تارىخىنىڭ بىر ئەينىكى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا سانسىزلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم. قەدىمكى قەبرىلەردىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردا ئىپادىلەنگەن ئاجايىپ سىرلىق ئوبرازلار، مىڭئۆيلەردىكى يارالمىش ئوبرازلار قىرىق، توققۇز، يەتتە، ئۈچ قاتارلىق سىرلىق مۇقەددەس سانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈ-

شىددىكى ئەسلىي چۈشەنچىلەر، نەچچە مىڭلىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا رول ئوينىغان تۇرمۇش ھېكايىلىرىنىڭ ئارقىسىدا مىڭلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ـ نىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، يېزىق تارىخىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بەزى زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن خاتىرىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى خاتىرىلەنمەي، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ دەۋردىن دەۋرگە ئۆتۈش سەپىرىدە بە ـ زىلەرنىڭ «ئېتى» ھېرىپ قېلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغان. بەزىلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

مەھمۇد قەشقىرى خاتىرىلەپ قويغان ئەپسانە ـ رى ـ ۋايەتلەر شۇ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسەرلەرنىڭ ئە ـ چىدىكى قۇتۇلدۇرۇلۇپ قېلىنغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ زات قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا ئۇنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. مەسىلەن، «ئۇيغۇر» ھەققىدىكى رىۋايەت باشقا تارىخىي مەنبەلەردىكى رىۋايەتلەر بىلەن خېلى كۆپ پەرققە ئىگە. «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققى ـ دىكى تارىخىي «شەجەرەئىي تۈرك»تىكى رىۋايەتتە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى ئوغۇزخانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، «ئۇيۇشقاق، يېپىشقاق» مەنىسىدە چۈ ـ شەندۈرۈلگەن بولسا، مەھمۇد قەشقىرى قالدۇرغان رىۋا ـ يەتتە بۇ رىۋايەتنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى زۇلقەرنەيىنگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە «ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى ئۆزى تې ـ پىپ يېيەلەيدىغان قەھرىمان، باتۇر، لاچىنىدەك پەرۋاز قىلىدىغان مىللەت» دېگەن مەنىدە يەشكەن. بۇ رىۋايەت تارىختا بارلىققا كەلگەن باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر مەھمۇد قەشقىرى خاتىرىلىمىگەن بولسا، بۇ رىۋا ـ يەت بىلەن ئۇچرىشىش بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتۇق.

«دىۋان»دىكى ئەپسانىلەرنىڭ سانىمۇ ئاز، مەزمۇنىمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم ھادىسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاددىي ئەپسانىلەردىن ئىبارەت. ئۇ ئەپسانىلەر ئىچىگە ئەڭ قە ـ دىمكى ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولغان يارالمىش ئەپسانىلەردىن بىرەرسىمۇ كىرمىگەن.

## پوقاق ئەپسانىسى

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن «پوقاق ئەپسانىسى» رى ـ ۋايەتلىك ھەم ئەپسانىۋى ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى تارىختىكى مەلۇم بىر تارىخىي ۋە ـ قەگە، تارىخىي شەخسكە باغلانغان. ئەپسانىنىڭ ئارقا كۆ ـ رۈنۈشىدە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىسلام دىنىنىڭ پەي ـ غەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ساھابىلە ـ رى بىلەن «كاپىر» تۈركىي قوۋملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۈنلۈك كاپىرلار ئىكەن. تەڭرى ياراتقۇچى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ باسقۇن ياساپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبى ـ يەتكە يۈزلىنىپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بۇ كېسەل پەيدا بوپتۇ ۋە ئەۋ ـ لادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈنلۈك گەپ قىلالايدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق» (2 ـ توم 416 ـ بەت).

بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۆت چارىيارنىڭ بىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋ ـ رىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى ئىپادىلىگەنلىكى نامايان بولىدۇ. بۇ، ئەپسانىنىڭ رىۋايەتلىك تەركىبى. ئۆمەرنىڭ قارغىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا پوقاقنىڭ پەيدا بول ـ غانلىقى ئەپسانىۋى يۈكلىمە. چۈنكى، پوقاق يود كەملىك ـ تىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، دىيار ـ مىزنىڭ قىسمەن جايلىرىدا پوقاق كېسىلىگە گىرىپتار بول ـ غانلار ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى داۋا ـ لاش ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىللىكىدىن پوقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ پوقىقى مەھمۇد قەشقىرى تەسۋىر ـ لىگەندەك بەزىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۈتنى كۆ ـ رەلمەيدىغان دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەنلىرىمۇ بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئېنىقلىنىپ، پوقاق كېسىلى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاپ ساقايتىلدى.

مەھمۇد قەشقىرى بۇ كېسەلنىڭ ھەرگىزمۇ قارغاشتىن بولمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ بىر خىل كېسەللىك ئىكەن ـ لىكىنى، نەسلىدىن نەسلىگە مىراس قالىدىغانلىقىنى بىل ـ گەن: «پوقاق بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆشنىڭ ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش، پەرغانە بىلەن شىختى شەھىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار. پوقاق نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدۇ»، بۇ قاراش ئەلۋەتتە خېلى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە چۈشەنچە ئىدى.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئۆمەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ قانداق بولغانلىقى تارىخىي مەسىلە، ئۇنىڭدا بىزگە ئەڭ لازىملىق بولغان بىر ئۇچۇر بار، ئۇ بولسىمۇ، 7 ـ ئەسىرلەردە بۇ زېمىندا ‹كاپىر› تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغۇدەك خېلى قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىكنىڭ كۆلەڭگىسى نامايان بولىدۇ.

## چىۋە ئەپسانىسى

بۇ ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا «ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىدىكىلەرنى قوللاپ ئۇرۇشىدىكەن. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، شۇ يۇرت كىشىلىرىمۇ غەلىبە قىلىدىكەن. قايسى جىنلار يېڭىلسە، شۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۆلىدىكەن. تۈركلەر جىنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىدە چېدىرلارغا كىرىۋالىدىكەن» (3 ـ توم 311 ـ بەت).

«چىۋى» يەنى جىنلار ھەققىدىكى بۇ ئەپسانىنى ئەپسانە دېگەندىن كۆرە، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ بىر خىل چۈشەنچىسىدىن پەيدا بولغان ئادىتى دېگەن تۈزۈك. چۈنكى بۇنىڭدا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىش ياكى يېڭىلىشنى بىر تەرەپنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى، پاراسەت ۋە ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ياكى تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى جىنلار گۇرۇھىنىڭ يېڭىلگەن، يېڭىلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىدىغان بىر چۈشەنچە ۋە مۇشۇ چۈشەنچىدىن پەيدا بولغان ئادىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ چۈشەنچىنىڭ ئارقىسىدا بەلكىم مۇكەممەل بىر ئەپسانىۋى ھېكايىلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق مەھمۇد قەشقىرى ئۇنىڭ جەريانىنى ئالماستىن، پەقەت ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن تەرىپىنىلا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

«جىن» چۈشەنچىسى قەدىمكى شامان دىنىدىمۇ، بۇددا دىنىدىمۇ، ھەتتا ئىسلام دىنىدىمۇ بار. بۇ چۈشەنچىلەردىن «جىن» دېگەن ئىبارەت بىر «خەلق» مەۋجۇت، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. قىسمەن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زاماندىمۇ بىر قىسىم داخانلار جىنلارنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ قىسمەتلىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە گەپلەرنى قىلىدۇ.

بۇ خىل چۈشەنچە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان بولسىمۇ، 11 ـ ئەسىرلەردىمۇ يەنىلا بۇ خىل ئادەت داۋاملىشىپ كەلگەن.

## قولباق ئەپسانىسى

«قولباق» تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارا تاشقا «تەڭرى ئوغلى قولباق» دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن («دىۋان» 1 ـ توم 620 ـ بەت).

يۇقىرىقى ئەپسانىنى «قولباق» ناملىق بىر ئەۋلىيانى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن مىسال ئالغان. قارىغاندا بۇ ئەپسانىنىڭ پەيدا بولغان، كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان دەۋرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بولسا كېرەك. چۈنكى ئەۋلىيانىڭ ئاق ۋە قارا تاشلارغا يازغان «تەڭرى ئوغلى قولباق» دېگەن خەتلىرىنىڭ ئىزلىرى تېخى ھازىرغىچە بار ئىكەن دېگەن گەپ ـــ ئۇنىڭ مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىن خېلى قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## كۆك توپۇلغان ئەپسانىسى

مەھمۇد قەشقىرى (topulgon) دېگەن بىر قۇشنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئەپسانىنىڭ قىسمەن ئېلېمېنتلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭ رېئال ئېلېمېنتلىرى خېلى قويۇق. بىراق مۇبالىغە رېئال مۇمكىنچىلىكتىن ھالقىپ كەتكەن؛ «كۆك توپۇلغان» بىر قۇشنىڭ ئېتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدا پولات بارئىمىش، ئۇ قانىتى بىلەن تاغقا بىر ئۇرۇپ تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش. بۇ سۆزنى ماڭا كۆپ پايدىسى تەگكەن بىر ئادەم ئېيتقانىدى.

بۇ رېئال دۇنيادا تۇرلۇك تۇمەن سىرلىق ئىشلار بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بەزىلىرىنى كۆرىمىز، بەزىلىرىنى كۆرمەيمىز، بەزىلىرى ئەقلىمىزگە سىغىدۇ، بەزىلىرى ئەقلىمىزگە سىغمايدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. يۇقىرىقى ئەپسانىدە بايان قىلىنغان «كۆك توپۇلغان» دېگەن پولات قاناتلىق بىر قۇشنىڭ بولغانلىقى رېئاللىق. ئەگەر شۇنداق بىر قۇش بولمىغان بولسا يۇقىرىقى ئەپسانىمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ رېئال ئېلېمېنتلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىنلا رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. خىيالمۇ، غايىمۇ، تەسەۋۋۇرمۇ ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن

هالقىپ كېتەلمەيدۇ. يۇقىرىقى «كۆك توپۇلغان» قۇشنىڭ بارلىقى ئەمەلىيەت، بىراق ئۇنىڭ بىر تاغقا قانات ئۇرغاندا تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، مانا بۇ، شۇ «كۆك» سۆزى بىلەن ئىلھاملاشتۇرۇلغان قۇش ھەققىدىكى مۇبالىغىنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا ھەددىدىن ئارتۇق غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ كېتىشىدۇر.

«دىۋان»غا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىغا، بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى، قەبىلە نامىنىڭ ئېتنىك مەنىسى، بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك، بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيىتى زور بولغان بىر قىسىم رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. رىۋايەت دېگەن شۇ رىۋايەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلقنىڭ يېزىقسىز تارىخىدىن ئىبارەت. بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بارا ـ بارا مۇكەممەل ئېپوسلارنى تەشكىل قىلغان بولىدۇ. قانداق بولمىسۇن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ژانىرىنىڭ بىرى بولغان رىۋايەتلەرنىمۇ خەلقنىڭ ھايات تارىخىنىڭ ئىنتايىن جەلپكار ئەينىكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىن بۇرۇنقى تارىخنى مانا شۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن تۇرغۇزۇپ چىققاندى.

«دىۋان»دا ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تارىختىكى ئىككى بۈيۈك شەخسكە مۇناسىۋەتلىك. بىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمان، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك، پاراسەتلىك دەپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن تۇران پادىشاھى ئافراسىياپ ـ تۇڭا ئالىپ ئەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا باغلانغان رىۋايەتلەر؛ يەنە بىرى دۇنيا تارىخىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سەھپىسىدە ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ۋە ئۇنىڭ شەرق يۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا «مۆچەل» ھەققىدە رىۋايەت، «ئارسلان تېكىن بىلەن بۆكە بۇدراچ» ھەققىدىكى رىۋايەت، «تۈرك» ھەققىدە رىۋايەت قاتارلىق رىۋايەتلەرمۇ بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

**ئافراسىياپ ۋە ئافراسىياپقا باغلانغان رىۋايەتلەر**

«دىۋان» دا ئافراسىياپ ۋە ئافراسىياپقا باغلانغان رىۋايەتلەرنىڭ سالمىقى ناھايىتى ئېغىر. ئافراسىياپ ھەققىدە يەنە خېلى كۆپ مەرسىيە شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھال بىزنى ئافراسىياپ ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇ تارىخىي شەخسنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سىرلىق شەخس مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرلەردىن تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان 1700 يىللىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى يورۇتۇشنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى.

**ئافراسىياپ كىم؟**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىز ئۇچراتقاندەك تۇڭا ئالىپ ئەر ياكى پارس مەنبەلىرىدە ئافراسىياپ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر تارىخىي شەخس ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. قوشاقلار، مەرسىيەنامىلەر، يەر ـ جاي ناملىرى، رىۋايەتلەردە ھەم ئالىپ ئەرتۇڭاغا باغلانغان خاتىرىلەرنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا تۇڭا ئالىپ كىم؟ ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ھازىرغىچە تۇڭا ئالىپ ئەر ئافراسىياپ ھەققىدە تېخى سىستېمىلىق چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ باھادىر ئەزىمەتنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا تۇتقان ئورنى تېخى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ئەگەر بىز ئەتراپلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان بولساق ئافراسىياپ ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىزدا گەپ يوق. چۈنكى ئافراسىياپ ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار ئاز ئەمەس.

بىز ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، «دىۋان» دا ئون پارچە مەرسىيەنامە ئالىپ ئەر تۇڭاغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ باھادىرلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى، يۇقسۇللارغا بولغان غەمخورلۇقى مەدھىيىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئۇلۇغ خاقانغا كەلگەن ئەجەل ئوقىدىن ئەل ـ ۋەتەننىڭ قاتتىق قايغۇ ـ ئەلەمگە پاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ مەرسىيەنامىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈلگەن ياكى خەلق ئېغىزىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

«دىۋان» دا يەنە بىر مۇنچە مەنسەپ دەرىجە ئاتالغۇلىرىمۇ ئافراسىياپقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، خان ـ تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خاقان ــ ئافراسىياپتۇر. مۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار (3 ـ توم 513 ـ بەت).

دېمەك، خان ۋە خاقان ئافراسىياپقا مۇناسىۋەتلىك

ئەمەل نامى بولۇپ، ئىككىسى پەرقلەندۇرۇلگەن. خاقانلىق ئافراسىياپقا مەنسۇپ. خانلىق بولسا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ، دەپ كۆرسەتكەن. خاندىن خاقاننىڭ ئىمتىيازى چوڭ بولغان «قاتۇن ـ خاتۇن، خانىكە، ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام» (1 ـ توم 206 ـ بەت).

تېكىن—بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى قۇل دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى بەك ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ «قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى»، «قۇلىڭىز بۈگۈنى مۇنداق قىلدى» دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالغان. باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىر سۆز قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى (1 ـ توم 209 ـ بەت).

«دىۋان»دا يەنە بەزى يەر جاي ناملىرىمۇ ئافراسىياپقا تۇتۇشىدۇ. «بارسخان» ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بارسخان شەھرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە يىلقا باققان. كېيىن ئۇ يەر شۇنىڭ نامى بىلەن بارسخان دەپ ئاتالغان (3 ـ توم 625 ـ بەت).

يۇقىرىقى مەلۇماتتىكى ئافراسىياپنىڭ ئوغلى بارسخان بىلەن ئۇيغۇر خاقانىنىڭ يىلقا باشقۇرغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتىن ئافراسىياپ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى نامايان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «بارماق»، «بارچۇق»، «قاز» دېگەن شەھەرلەرمۇ مۇشۇ ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىغا باغلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بىز بۇنىڭدىن ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئوينىغان تارىخىي رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئالىپ ئەر تۇڭا ھەققىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ تېخىمۇ روشەن مىسرالار بىلەن ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

276. بۇ ـ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئىلىمدە بۈيۈك كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرخىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولار ھۆكۈمران.

280. تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئافراسىياپ،
ئۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تاللاپ،

281. جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلگ،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ باھادىر خاقانغا مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىرىنچى، پۈتۈن بەگلىكلەرگە نەزەر سېلىنغاندا، جاھاننىڭ ئەڭ سەرخىل، ياخشى بەگلىرى مانا شۇ ئافراسىياپ دەپ جاكارلايدۇ ھەم ئۇنى بەگلىكلەرنىڭ ئۈلگىسى قاتارىغا قويىدۇ.

ئىككىنچى، تۇڭا ئالىپ ئەر ئىلىم ـ پاراسەتتە بۈيۈكلۈككە يەتكەن. پەزىلەتتە يېگانە، ھەقىقىي بىلىملىك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن خەلققە باشپاناھ بولغان خاقان ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى، ئالىپ ئەر تۇڭا زېرەكلىكى، باتۇرلۇقى، ياراملىقلىقى بىلەن جاھان سورىغانلىقى، چۈنكى دۇنياغا ھۆكۈمدار بولۇش ئۈچۈن پەزىلەت بىلەن بىلىم ھازىرلاشمىسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى باھالار بىلەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، باھاسى، خاراكتېرى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى ئالىم باھادىر خاقان ئالىپ ئەر تۇڭاغا يۇقىرى دەرىجىدىكى قەدىر ـ قىممەت ۋە ھۆرمەت تەختىدىن ئورۇن بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن بەگلىكلەرگە ئالىپ ئەر تۇڭانى نەمۇنە ۋە ئۈلگە قىلىپ تىكلەپ بەرگەن.

ئافراسىياپ ھەققىدىكى مەلۇماتنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ پارس مەنبەلىرىدىن ئالغان، مەھمۇد قەشقىرى خەلق ئىچىدىن ئالغان پارس مەنبەلىرىدە ئافراسىياپ ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن كىشى ئوبۇلقاسىم فىردەۋس. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «شاھنامە» دە ئافراسىياپنى گەرچە سەلبىي تىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن باھا بەرگەن. بىز فىردەۋسىنىڭ بايانلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

www.uyghurkitap.com



ئافراسىياپ ـ كەلمىش، ئەسكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەرنىڭ تاللانغان لەشكىرى يۈز مىڭ.

بۇ خەۋەردىن كاۋۇس دىلى بولدى تەڭ،
بەزمە تۈگەپ باشلىناتتى ئەمدى جەڭ.

ئۇلارغا شاھ دېدى: بۇ ئافراسىياپ،
جىسمىدا يوقمىدۇ ھاۋا، ئوت، توپا، ئاب.

يەزدان ئۇنى نېمىدىن ياراتقانكىن،
يا باشقا ئۇرۇقتىن ياراتقانمىكىن.

يۇقىرىقى كەيكاۋۇسنىڭ بايانىدا ئافراسىياپنىڭ سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئونسۇرەدىن ياردىلغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى يەزدان يەنى زەردۇش دىنىنىڭ خۇداسى (باشقا ئالاھىدە نەرسىدىن ياراتقانمىكىن) دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. چۈنكى ئافراسىياپنىڭ پاراستى، جەڭدىكى تاكتىكىسى، ئۆلۈمىنى مەنسىتمەسلىكى ھەم ئۇنى يېڭەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىران شاھلىرى ئافراسىياپنى تەڭرىنىڭ ئەزىز قىلغان ئوغلى ئوخشايدۇ، دەپ باھا بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

ئافراسىياپنىڭ ئۆزىنىڭ سەركەردە ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن قىلغان كېڭىشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك.

خان يىغدى مەجلىسكە دانىشمەنلەردىن،
سەزگۈر ھەم دانا ـ ئىش بىلەرمەنلەردىن.

ئۇلارغا دېدى: بۇ بويىنۇمغا پەلەك،
قىلمىغانمۇ قىسمەت ئۇرۇشتىن بۆلەك.

مېنى قەستلەپ كەلگۈچى نى ـ نى پەھلىۋان،
ئىلكىمدە بولغانتى يەر بىلەن يەكسان.

جاھان خاقانى سالسا جەبرى ـ جاپا،
ياخشىلىق تۈگەپ، بارچە بولار خاپا.

قىڭغىرلىق كۆچىيەر، قالماس توغرىلىق،
ھەر يەردە ئەۋج ئالار يالغان ئوغرىلىق.

جېنىمدىن تويدۇردى زورلۇق جەڭ ـ جېدەل،
ياخشىلىققا بۇرىدى تەڭرى ئەزەل؛

بۈگۈن جارى قىلاي سۆلھى ئادالەت،
قايغۇ تۈگەپ، راھەت تاپقاي كامالەت.

ئۈچتىن ئىككى جاھان ئاياغ ئاستىمدا،
ئىران، تۇران ساراي ماڭا دەستىمدە.

ھەر بوي بەرمەس باتۇرلار بېشىدا تاج،
تۇرۇقلۇق تۆلەيدۇ ماڭا نۇرغۇن باج.

ئافراسىياپنىڭ يۇقىرىقى نۇتقىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇرۇشخۇمار شاھ ئەمەس، بەلكى تىنچلىقپەرۋەر خاقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئورنىتىش ئۈچۈن خاقان بولغانلىقى، ھەرگىزمۇ قىسمىتىگە ئۇرۇش، پاراكەندىچىلىك، قان تۆكۈش پۈتۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇرۇشتىن ئەلنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ باغرى قانغا تولغانلىقىنى ئېيتىپ، تىنچلىققا بولغان ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ تىنچلىق سۆلھىسى ئۈچۈن ئىنىسى گەرسىۋەزنى ئىرانلارغا ئەۋەتىدۇ. بۇيرۇق مۇنداق دېدى:

دېگىل ـ ئىرانغا ھېچ داۋايىمىز يوق،
دېگىن سۆزىمىز چىن، كۆڭلى بولسۇن توق.

بىزنىڭكى چىندىن تا جەيھۇن قىرغىقى،
بىزگە بەس سوغدىلەر يېرى ـ تۇر تېغى.

ئىران بىلەن تۇران بىر ئىدى دائىم،
بىلمەي جېدەل، ياشار ئىدى مۇلايىم.

كەچۈرۈم، ئىستەيلى ئېزگۈ ـ ئامانلىق،
ئۇنتۇلماس ئۇرۇش، يوقالسۇن يامانلىق.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ـــ (مىلادىيە 934 ـ 1025) ئىراننىڭ 4000 يىللىق ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئېپىك ئەسەر «شاھنامە»نىڭ مۇئەللىپى. ئۇ گەرچە ئىران مەيدانىدا تۇرۇپ ئافراسىياپنى دۈشمەن كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى بايانلاردا يەنىلا ئافراسىياپنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، تىنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ ھەم تىنچلىق ئۈچۈن سۆلھى تۈزىدۇ.

ئۇنداق بولسا ئالىپ ئەر تۇڭا ئەپسانىۋى شەخسمۇ؟ تارىخىي رېئال شەخسمۇ؟ يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ۋە مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىزگە خەلق يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇچۇرلار ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇرلاردۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەرسىيەلەر، رىۋايەتلەر ۋە يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ ئافراسىياپ بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ توقۇلما بەدىئىي ئوبراز ياكى ئەپسانىۋى شەخس بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ شەنىگە بارلىققا كەلگەن مەركىزىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلارنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

بۇ خۇسۇستا 19 ـ ئەسىرلەردە بېرىلگەن يەنە بىر ئۇچۇر ئافراسىياپنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇ زېمىندىكى خەلق نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەسلەپ، خاتىرىلەپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا ھازىرغىچە بىز تازا ئېتىبار بەرمىگەن، بىراق تارىخى ۋە تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى زور بولغان مۇنداق بىر ئۇچۇردىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ:

ئەلقىسسە، يەنە بىر غارايىپ شۇدۇركى، موغۇلىستان تەۋەلىكىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ شەرق ۋە جەنۇب بۇرجەكىنىڭ ئارىلىقىدا لوپ دېگەن بىر چوڭ مەشھۇر زېمىن بار. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزاھەيدەر كورەگىنى بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ يازغان كىتابىدا لوپ دېگەن جايدا 17 چوڭ شەھەر بولغانلىقىنى ۋە شەھەرنىڭ ناملىرىنى، تەكتى ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغانىدى ھەم ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، زېمىنىنىڭ ئاۋاتلىقىنى يازغانىدى. شەھرى كىتىك، شەھرى تەركەن، شەھرى چەمەن، شەھرى لوپ ھازىرمۇ مەشھۇر. قالغانلىرى بولسا قۇم خەزىنىنىڭ ئاستىدا قالغان. بوران چىقسا بەزىلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ ـ دە، يەنە كۆمۈلۈپ قالىدۇ، بۇ گەپنى بايان قىلىدىغان بولساق: «كۆنلەرنىڭ بىر كېچىسى غەرب ئىلاھى پەيدا بولۇپ، ئاسماندىن خۇددى بالادەك قۇم ياغدۇرۇپتۇ، شەھەرلەر ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ قۇمنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. ئافراسىياپنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ جايدا ئىكەن دېگەن گەپلەر بار».

يۇقىرىقى مەلۇمات بىزگىچە مەلۇم بولغان ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى يېگانە ئۇچۇر. بۇ مەلۇمات بىزنىڭ مۇنداق بىر قانچە مۇھىم ئىشنى دەلىللىشىمىزگە ئاساس بولىدۇ: بىرى، تۇڭگا ئالىپ ئەر ـ ئافراسىياپ دېگەن بۇ تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىسى ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شەھرى كىتىك ۋە شەھرى لوپ ياكى تارىم بويلىرىدا ئىكەن. موللا مۇسا سايرامىغىچە بولغان 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا خەلقىمىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بۇ ئۇلۇغ خاقانىنىڭ نامىنى يادلاپ كەلگەن ۋە قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن؛ يەنە بىرى، ئافراسىياپ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ياشىغان پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامىيەتتىن كېيىن، كىشىلەر بۇ باھادىر خاقانىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتتا كۆرسىتىلگەندەك، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەم، دەپ قارىغان. شۇڭا مىڭ يىل مابەينىدە بۇ قەبرە چۆلدەرەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ئەلنىڭ نەزەرىدىن ھەرگىزمۇ چۈشۈپ قالمىغان. شۇڭا موللا مۇسا سايرامى ئۆزى ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە ئاساسەن «ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە دېگەن گەپلەر بار» دەپ ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئەگەر موللا مۇسا سايرامى ئافراسىياپ ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان بولسا، تۇپتۇيۇقلا ئۇچ ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئەسىرىدە ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى بۇ ئۇچۇرنى بىزگە قالدۇرمىغان بولاتتى.

يەنە بىر دەلىلنى يەنىلا «تۈركىي تىللار دىۋانى» بېرىدۇ: «تارىم ـ تېكىنلەرگە، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئۇششاق باللارغا خاس سۆز. خاقان ئەۋلادىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا، ئۇنىۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ».

يۇقىرىقى ئۇچۇردىن بىز ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئانا ماكانى تارىم ۋادىسى بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. چۈنكى تارىم مەركىزىي ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى بىردىنبىر ئىچكى ئانا دەريا، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان مۇقەددەس دەريا. ئافراسىياپ بۇ مۇقەددەس دەريانى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشچانلىق قىلغان. شۇڭا بۇ مۇقەددەس ئانا دەريانى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىنىڭ تارىم دەرياسىدەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشى ۋە ئەلگە ئۈزلۈكسىز نەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا «تارىم» دېگەن شەرەپلىك نامنى مىراس قالدۇرغان. ئۇلار «تارىم» دېگەن بۇ نام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا بولغان ساداقىتىنى ۋە مۇھەببىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن بىز ئافراسىياپنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئىز باسار ئەۋلادلىرىنىڭ كىندىك قېنى مانا شۇ تارىم ئېتىكىگە تۆكۈلگەنلىكىنى

كۆرەلەيمىز. بىز يەنى يۇقىرىقى مەلۇمات بىلەن ئافراسىيابنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بىرلەشتۈرگەندە ئافراسىياپ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك جايىنى مانا مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراققا دەپنە قىلدۇرغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز.

**ئافراسىياپ قايسى زاماندا ياشىغان**

ھازىرغىچە ئافراسىياپنىڭ قايسى زاماندا ياشىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى قايسى خانلىقنىڭ پادىشاھى بولغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىلەر نۇرغۇن ئەپسانىۋى ھەم رىۋايەتلىك يوپۇقلار بىلەن يوپۇقلىنىپ كەلدى. ئافراسىياپ ھەققىدە كۆپ ئاپتورلار ئىز قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىقراق ئېنىقلىما تېخى بايقالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى تارىخىي ئۇچۇرلار توڭا ئالىپ ئەرنىڭ زامانىسى توغرىسىدا ئىزدىنىشىمىزنى قىسمەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئالدى بىلەن بىز يەنىلا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نىڭ 3 ـ توم 206 ـ بەتتە «قاز» ـ ئافراسىياپنىڭ قىزى ھەققىدە توختىلىپ «قازۋىن شەھىرىنى شۇ قىز قۇرغان» دەيدۇ.

ئۇنىڭ قۇز ئىسىملىك گۈزەل قىزى قەزۋىن ـ قۇز سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىلگىنىدۇر. ئىلى ۋادىسىغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ سۇنىڭ قۇز سۇيى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئافراسىياپنىڭ قىزى قۇزنىڭ شۇ سۇ بويىدا چوڭ قەلئە سالغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەن شۇ قىز بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىدە بولغىنى ئۈچۈن ئافراسىياپ ئۇنى بارچۇق شەھىرىگە قامىغانىدى. بەزىلەر بۇ شەھەرنى «ئافراسىياپنىڭ مەرۋە شاھ جاھان دېگەن ئوغلى بىنا قىلدۇرغان دېيىشىدۇ» ( 3 ـ توم 206 ـ بەت). «دىۋان»دا يەنە مەرۋى ـ مەرۋشاھ جاھان نامىدا ئاتالغان شەھەرنىڭ نامى ئۇچرايدۇ.

② «بارچۇق ـ ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى، بەنزەن، «قامالغان» (1 ـ توم، 608 ـ بەت).

③ ئافراسىياپ پەردۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھۇشەڭنىڭ ئوغلىدۇر.

④ ئافراسىياپ بۇ شەھەرنى تەھمۇرەس تەرىپىدىن شەھەرنىڭ ئىچكى قورغىنىنى سېلىپ 300 يىلدىن كېيىن بىنا قىلدۇرغان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلىك مەلۇماتلاردا ئافراسىياپنىڭ ياشىغان زامانى ئىران شاھى پەردۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغلى ۋە ھۇشەڭ ئىسىملىك چەۋرىسىگە تاقىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھەقتە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەنگە تۇتۇشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەرۋە شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ھۇلىنى سالغان، تەھمۇرەس يەنى ماساكلارنىڭ ئايال پادىشاھى تۇمارىستىن 300 يىل كېيىن ياشىغانلىقى ئوقۇلىدۇ.

پەردۇن ــ ئىراننىڭ پىشدىيان سۇلالىسىدە ئۆتكەن بىر ئادىل پادىشاھى. بىز بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى شاھ نامىدىكى تۆۋەندىكى بايانلار ئارقىلىق ۋاقىپ بولدۇق.

ئەمدى تەھمۇرەس ـ تۇمارىسقا كەلسەك، تۇمارىسنىڭ ئىرانلار بىلەن بولغان تىركىشىشى ۋە ئۇلۇغ غەلىبىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئافراسىياپ تۇمارىستىن 300 يىل كېيىن ياشىغان دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغاندا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

تەبەرىنىڭ بايانلىرىدا ئافراسىياپ نوھقا باغلىنىدۇ. نوھنىڭ يافەس دېگەن ئوغلىدىن كېيىن دۇنيا 1000 يىلغىچە پادىشاھسىز قالىدۇ. توپاندا ھەزرىتى نوھقا ھەمراھ بولغان بىرىكمىنىڭ ئەۋلادى جەمشىتنىڭ نەسلىدىن پەردۇن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدۇ. چوڭ ئوغلى تۇر بولۇپ، پەردۇن ئۈچ ئوغلىغا ئۆزىگە تەۋە بولغان زېمىنلارنى بۆلگەندە تۇر ئىسىملىك ئوغلىغا تۈرك، خەزەرەج، ماچىن ۋە مەشرىق زېمىنىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا «پەغپۇر» تەگىرنىڭ ئوغلى دەپ ئات قويىدۇ. تۇرنىڭ ئەۋلادىدىن فەسبەخ «يەسو ـ بەخ»نىڭ ئوغلى ئافراسىياپ تامامى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەشرىق زېمىنىغا ھۆكۈمران بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار ئافراسىياپ نوھقا ۋە ئاندىن ئىران شاھى پەردۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى رىۋايەتلەردە ئافراسىياپنى تېخىمۇ ئەپسانىۋى يۈكلەملەر بىلەن سىرلىقلاشتۇرۇپ، بۈگۈنكىدىن 3500 يىل بۇرۇنقى تارىخقا تاقايدۇ. نار شاخى «بۇخارا تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «پارسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياپ 2000 يىل ئۆمۈر كۆرگەنمىش، بۇ جادۇگەر نوھ پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2002 ـ يىلى نەشرى، 119 ـ بەت). بىراق ئەل بىرونى ۋە باشقا

008

ئاپتورلار قالدۇرغان مەلۇمات بويىچە كىيامكسارەس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان چاغدىن يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى (625 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېل) روچ ۋە پوستىلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە 26 ـ ئىيۇن ئافراسىياپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان كۈن دەپ ئىران ئۆلكىلىرى بايرام قىلىدىكەن، مەجۇسسىلەر بۇ بايرامنى «تىرەگەن» بايرىمى دەپ ئاتايدىكەن.

قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ ئافراسىياپنىڭ جەددى ـ جەمەتى يەنىلا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن؛ ئۆز دەۋرىدىمۇ ئۇلار «ئالتۇن تارىم»، «تېكىن»، «خاتۇن» ناملىرىدا ئۇلۇغلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، دىۋاندىكى ئافراسىياپقا ئاتالغان مەرسىينامىلاردا ئۇنچە يىراق تارىخنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئافراسىياپ مەھمۇد قەشقىرى ئۈچۈن سىرلىق شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇ ئافراسىياپ ھەققىدە ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلارغىچە تەپسىلىي بىلىدىغان ئالىم. ئۇنىڭ «خاقان» نامى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق بىر قىسىم بار، دەپ ئۇچۇر بەرگىنى بۇ نۇقتىنى ياخشى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر مەنىدىن قارىغاندا خەلق بەرگەن مەلۇماتلار ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ چىن مەلۇماتلاردۇر. خەلق ئۆزىنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىنى قەلب دەپتەرلىرىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا خاتىرىلەپ كەلگەن.

## زۇلقەرنەيىن كىم؟

قەدىمكى زاماندىكى ئىستىلاچىلار ئىچىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇن 356 ـ يىلى يۇنان تەۋەسىدىكى ماكېدونىيىنىڭ پايتەختى پىرادا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپ II ناھايىتى قابىلىيەتلىك، يىراقنى كۆرەر ئادەم ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 633 ـ يىلى زۇلقەرنەيىننىڭ دادىسى فىلىپ II بەختكە قارشى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ 46 ياشتا ئىدى. ئاتىسى قازا تاپقاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەمدى 20 ياشقا كىرگەنىدى، بىراق، ئۇ ھېچقانداق توسالغۇسىزلا پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئالدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇننى تەييارلاپ قويغانىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەلۇم ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئاتىسى ئادەتتە ئۇنىڭغا مەدەنىيەت تەربىيىسى بېرىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ئالەمشۇمۇل ئابرۇيغا ئىگە پەيلاسوپ ئارىستوتېلنى ئۇنىڭغا ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغانىدى. بىراق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەختكە چىقىپ، ئىككى يىل ئىچىدىلا بارلىق رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلدۇ، ئاندىن پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردۇ. پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە، شەرقتە ھىندىستانغىچە باراتتى؛ گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى ئىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇن 334 ـ يىلى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەسكەر تارتىپ پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلدۇ. گەرچە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى پېرسىيە قوشۇنلىرىدىن سان جەھەتتە كۆپ تۆۋەن بولسىمۇ مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن يەنىلا ئۇ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەنىدى. بىرى، ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا قالغان بۇ قوشۇن سۈپىتى يۇقىرى، تەشكىل ئىنتىزامى چىڭ، خىل قوشۇن ئىدى؛ ئىككىنچىسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تالانتلىق، تەڭداشسىز قوماندان ئىدى؛ ئۈچىنچىسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن باتۇر ئىدى. ئۇ باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارقا سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلسا تامامەن مۇمكىن ئىدى، بىراق ئۇ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئەسكەرلەردەك ھۇجۇم قىلىپ ماڭاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ كۆپ قېتىم يارىلانغانىدى. جەڭچىلەر قوماندانىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن خېيىمخەتەردە بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشاتتى ـ دە، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشاتتى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق پەزىلىتىنىڭ مېۋىسى ئىدى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تىر شەھىرىنى قورشىۋالغاندا، ئۇ پېرسىيە پادىشاھىنىڭ بىر پارچە مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدۇ. مەكتۇپتا پارس شاھى ئىمپېرىيىنىڭ يېرىم تېررىتورىيىسىنى بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ بارمىنو ئىسىملىك بىر گېنېرالى بۇ شەرتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ «ئەگەر مەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولىدىغان بولسام، بۇ شەرتكە قوشۇلغان بولاتتىم» دەيدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭغا «ئەگەر مەن بارمىنو بولغان بولسام، مەنمۇ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ناھايىتى كەسكىن، مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن گازانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مىسىر ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدۇ. مىسىرلىقلار ئۇنى

فىرئەۋنلىككە كۆرستىپ، ئۇنى ئىلاھ دەپ جاكارلايدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇننى باشلاپ ئاسىياغا قايتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 313 ـ يىلى ئىربىل ئۇرۇشىدا ئۇ پېرسىيە قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەر جەھەتە غەلىبە قىلىپ ماڭىدى. تارىخىي خاتىرىلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇرانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ھەققىدە كونكرېت مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن «دىۋان»دىكى رىۋايەتلەر، ئەلىشىر ناۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» دېگەن ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا زۇلقەرنەيىن تۇرانلار بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلمىغان، پەقەت قىسمەن تۇتۇشۇپ تۇرانلار بىلەن سۈلھ تۈزگەن.

مىلادىدىن 323 يىل بۇرۇن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كېزىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 33 ياش ئىدى. ئۇزىنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەپ قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ گېنېراللىرى ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ ئىمپېرىيىنى ئۈچ بۆلەككە پارچىلاپ تاشلايدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تارىختىكى كومېدىيىلىك ئۇلۇغ شەخس دەپ قارىلىدۇ. گرېك مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى بېيىتىش ئۇ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. گرېك مەدەنىيىتى شۇ سەۋەبتىن ئىران ۋە مېسسوپوتامىيىدە، سۈرىيە، مىسىرلاردا تېز تارقالدى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن «دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردا قوچۇدىكى سولومى شەھىرىگە ئوخشاش بىر قىسىم شەھەرلەر قۇرۇلۇشىنى زۇلقەرنەيىنگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پارسلارنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان.

### تۈركمەن ھەققىدە رىۋايەت

تۈركمەن رىۋايىتى «دىۋان»دىكى خېلى مۇكەممەل رىۋايەتلەرنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدا، زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار بىلەن بولغان ئۇچرىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى مۇھىم ئېتنىك مەنالار، بۇ چاغدا تۇران خاقانى «شۇ» خاقاننىڭ پاراستى، تەمكىنلىكى ۋە شۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇرۇش ئوتىدىن ۋە بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىقتىن ساقلاپ قالغانلىقىدەك تىنچلىقپەرۋەرلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇلغان.

تۈركمەن، بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا تۈركلەرنىڭ «شۇ» ئىسىملىك بىر ياش خانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى «شۇ» ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمىدا ئىككى مۇھىم نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىرى، تۈركمەن بىلەن ئوغۇزلارنىڭ بىردەكلىكى، يەنى تۈركمەنلەر دېگەندە ئۇلار ئوغۇزلارنى كۆرستىدىغانلىقى، يەنە بىرى، شۇ خاقاننىڭ ئەزەلدىن باتۇر خاقان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچىگە كەلتۈرۈلىدۇ. رىۋايەتنىڭ داۋامىدا شۇ خاقاننىڭ كۈمۈش كۆلچەكتىكى غاز، ئۆردەكلەرگە قاراپ خاتىرجەم تۇرۇپ: زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز، ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى نېمە تەدبىرلىرى بار دەپ تەشۋىشلىنىپ سورىغۇچى مۇلازىملىرىغا تەمكىنلىك بىلەن: قاراڭلار، كۈمۈش كۆلچەكتىكى غاز، ئۆردەكلەر قانداق شوڭغۇيدىكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەل خاقاننىڭ خاتىرجەملىكىگە قاراپ، بىرەر تەدبىرنى قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتىرجەم بولىدۇ. راستتىنلا شۇ خاقان خوجەند دەرياسى بويىغا ئالىلبۇرۇن 40 كىشىدىن تەركىب تاپقان چارلىغۇچى قوشۇننى ماڭدۇرغان ئىدى. زۇلقەرنەيىن خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، شۇندىلا «شۇ» خاقان كېچىلەپ شەرققە چېكىنىپتۇ. بۇ ئارقىلىق «شۇ» خاقاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىشىدىن ئۇنىڭ پاراستىنى، دانالىقىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. چۈنكى ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپكە ئېغىر تالاپەت، مۇسىبەت كەلتۈرەتتى. ھەممىدىن مۇھىمى تىنچلىق، ئىشنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىپ خەلققە تىنچلىقنى سوۋغا قىلىش ئىدى.

شۇڭا تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىغان. تۈرك، تۇران خاقانىنىڭ دانالىقى ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىكىنىڭ خاسىيىتى بىلەن سۈلھى تۈزۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقە ئاتالار توغرىسىدا مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» دېگەن تارىخىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسىرىدە ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇ-

ران پادىشاھى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق، جەلپ قىلارلىق بىر ۋەقەلىكنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ كۆزىتىشى ۋە غايىسى ئاستىدىكى «شۇ» خاقان يەنى تۇران خاقانىنىڭ پىداكارلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان بېرىپ شۇ گۈزەل، ئەھمىيەتلىك تارىخنىڭ بەدىئىي كامالەت گۈلىستانىدا ئېچىلدۇرۇلغان غۇنچىلىرىدىن بەھرىمەن بولساق ئارتۇقلۇق كەتمەس، دېگەن نىيەتتە ئازراق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتىمىز.

ئەلىشىر ناۋائىي بايان قىلغان تەپسىلاتتا زۇلقەرنەيىن ئاۋۋال دارا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ھىندىستان، كەشمىر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كۆپ قان تۆكىدۇ. ئەلنىڭ قەلبىدە يۇيۇغۇسىز داغلارنى قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئەمدى تۇران زېمىنىغا ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، سانسىز لەشكەرلەرنى تەق قىلىپ ئەتىياز بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇ كەزدە تۇران پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ، زۇلقەرنەيىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىجازەت سورايدۇ، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن زۇلقەرنەيىننىڭ دەرگاھىغا كىرىپ، «شۇ» خاقان تاپشۇرغان گەپ ـ سۆزلەرنى شۇنچىلىك قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يەتكۈزىدۇ.

بىراق، ئەلچىنىڭ شۇنچە يوللۇق سۆزلىرى ئىسكەندەرگە ئانچە تەسىر قىلمايلا قالماي، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ، ئەلچىگە دۈشمەنلىك قىلىچىنى سۇغۇرىدىغاندەكلا ئەلپازدا مۇئامىلىدە بولىدۇ.

ئەلچى قايتىپ خاقانغا ئىسكەندەر بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىز بولغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ. خاقان ئەلچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىددىيلەشمەستىن ياكى تېرىكمەستىن، بىر تەرەپتىن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىشكە، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىسكەندەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسكەندەر بىلەن يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىپ، سۈلھى تۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ غايەت زور قوشۇن تەييارلاپ، قاتتىق ئۇرۇشۇش ئۈچۈن روبىرو تۇرۇشىدۇ. قاتتىق قىرغىنچىلىقنىڭ بولىدىغانلىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالىدۇ. «شۇ» خاقان ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن بىھۇدە قان تۆكۈشنىڭ، ۋەيرانچىلىق، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۆزلىرىنى ئاخىر نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ.

ئۇ مەھرىمىگە ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ، سىر ساقلاشنى تاپىلاپ، ئۆزى ئەلچى سۈپىتىدە ياسىنىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەييارلىنىدۇ. ئىسكەندەر كەشمىرگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ يوقىتىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئەمىرلىرى ئۇنىڭدىن: «كەشمىر سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: بۇ مۇقەددەس مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىگە بۇ مىللەتنىڭ روھى سىڭگەن، ئۇلار ھەرقاچان بۇ خەلققە روھىي مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى بىزگە قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى پاكپاكىز يوقىتىۋەتسەك، ئۇلار بۇ روھىي تۈۋرۈكتىن مەھرۇم بولىدۇ ـ دە، يېيىش ـ ئىچىشتىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

تاڭ سۈزۈلگەندە شۇ خاقان ئەلچىلىك دەستىكىنى كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى ئالدىدا پەيدا بولدى. مۇلازىملار بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلىدۇ:

بىر نۇرانە چىراي ئەلچى يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئەقىل ـ پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بەئەينى غايىبتىن كەلگەن ئەلچىگە ئوخشايدۇ، دېدى. ئىسكەندەر «ئەلچى»نى ئېھتىرام بىلەن ئېلىپ كىرىشكە ئەمر قىلدى ۋە بۇ كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ تەبىرى مۇشۇ بولسا كېرەك. چۈشۈمدە: ئۆزۈم قۇياشقا ئوخشاپ قالغانمىشمەن، شۇ پەيتتە يەنە بىر قۇياش پەيدا بولۇپ كېلىپ ئايىغىمغا باش قويارمىش دەپ ئويلىدى. «ئەلچى» كىردى، ئىسكەندەر بۇ «ئەلچى»دىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەي ئالەمنىڭ باشپاناھى، — دېدى «ئەلچى» ئىسكەندەرگە، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزى ئەلچى بولۇپ يەتكۈزمەكتە ئىدى، — چىن خاقانى ئۆز تەدبىرى بىلەن ماڭا بىر نەچچە تۈرلۈك شەرەپلىك سۆزلەرنى دېگەنىدى. بۇ سۆزلەرنى پەقەت ساڭا يالغۇز ئېيتماقچىمەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەمىرلىرىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

— ئەي پاك نىيەتلىك پادىشاھ، — دەپ سۆز باشلىدى «شۇ» خاقان بارگاھتا ئىسكەندەر بىلەن قالغاندىن كېيىن، — سەن مېنى «ئەلچى» دەپ ئويلاپ قالما، چىن خاقانى دەرگاھىڭغا كېلىپ، بوسۇغاڭ تۇپرىقىنى كۆزىگە

uyghurkitap.com



تۇتىيا قىلدى. مېنىڭ بۇ ھالەتتە دەرگاھىڭغا كېلىشىمدە مۇنداق بىر قانچە سەۋەب بار.

ئىسكەندەر ھەيران بولماقتا ئىدى.

— سەن بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى تۇرساڭ، پادىشاھ بولغان كىشى قانداقلارچە ئۆزىنى ئۆز دۈشمىنىگە ئەسىر قىلىپ بېرىدۇ؟ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە ئەركىن — ئازادە سۆزلەۋاتىسەنغۇ؟

— مەن سېنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ئىشىنىپ كەلدىم. يۈز — خاتىرە دېگەن گەپمۇ بارغۇ. ئەگەر ئۇنداق ئىلتىپاتقا نائىل بولالمىسام، بۇ تەتۈر پەلەكتىن نېمە كۆرسەم رازىمەن. سەن ماڭا زەھەردىن ئاچچىق، قىلىچتىن ئۆتكۈر تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يوللىغانىكەنسەن، ئۇ چاغدا بەلكىم ئەقلىڭدىن ئادىشىپ، سۆز — ئىبارىلەرنى ئويلىماي ئىشلىتىپ قالغان ئوخشايسەن. بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىغا شۇنداق قوپال تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يېزىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. زۇلقەرنەيىن ئۆز ۋاقتىدا تۇران پادىشاھىغا: ئالدىمغا كېلىپ بېشىڭنى ئايىغىمغا قوي، دېگەندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا خەت يازغان ئىدى. لەشكىرىم كۆپ، خەلقىم باياشات، بۇ جەھەتتە سەندىن قالغۇچىلىكىم يوق، دارا بىلەنمۇ دوستانە ئۆتكەنىدۇق، ھېچكىم ماڭا سەن ئىبتىقان ھېلىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى. سەن چىن مەملىكىتىنىڭ باشقىچە بىر جاھان ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن. شۇڭا، مەن تەھدىت سۆزلىرىڭدىن ئانچە ھودۇقۇپمۇ كەتمىدىم، ساڭا لايىقىدا جاۋاب قايتۇردۇم، مەن تەقدىردە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرۈشكە تەييارمەن. مەن ھازىرغا قەدەر شۇنى ئۇقالمايۋاتىمەن. شۇنچە چاڭ توزىتىپ بۇ دىيارغا كېلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ بۇ دوستلۇقمۇ ياكى دۈشمەنلىشىشمۇ، بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئەگەر ئۇرۇش قىلىش نىيىتىڭ بولسا، بۇنىڭغىمۇ مەن تەييار، لەشكەرلىرىمنىڭ سانى يوق، قورال — ياراغلىرىم شۇ قەدەر خىلكى، بۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمايسەن. مېنىڭ خەلقىم مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، قېرى ياكى ياش بولسۇن، تېنىدە جانلا بولىدىكەن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ. بىراق، ئىككى پادىشاھ بىر — بىرىگە قارشى جەڭ قىلغاندا، ئۇنىڭ قايسىسى مەغلۇپ بولۇپ، قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس. بۇ خىل ئاقىۋەت ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇلغانمۇ ئەمەس. تىنچلىق ھەممىدىن ئەۋزەل. ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسى يوق. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ، ياخشى نەتىجە چىقمىغان ئۇرۇشنى قىلىپ ئەسكەرلىرىمىزنى، خەلقىمىزنى قانغا پاتۇرۇشتىن نېمە ھاسىل بولىدۇ؟ مەن بالدۇر نالايىق سۆزلەرنى قىلغان بولسام، مانا گۇناھىمنى بىلىپ ئالدىڭدا تۇرۇۋېتىمەن، جېنىم ساڭا تەئەللۇق بولسۇن، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ ياردەمچى تەرەپدارى بولىدىغان بولساڭ، بۇ ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن چوڭ شان — شەرەپ بولغۇسى، تارىخ بەتلىرىدە ياخشى نامىمىز يادلانغۇسى.

— ئەي سائادەتمەن پادىشاھ، سۆزلىرىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق، راست، مەن قەستەن سۆزۈڭدىن قۇسۇر تېپىپ، جاھانگىرلىكنى ئىختىيار قىلىپ ۋەتىنىڭگە ئاياغ باستىم. ھەرقانداق خاتالىق ئۆتۈلگەن بولسا مەندىن ئۆتتى. سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. مانا ئەمدى ساڭا نىسبەتەن كۆڭلۈم ساپ بولدى، سەن خاتىرجەم بولغىن ئەي مويسىپىت شاھ، ئىككىلا ئالەمدە سەن ئاتام، مەن ئوغلۇڭمەن. مەن سەن ئۈچۈن پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن، ماڭا نىسبەتەن ھازىر پەيلەقوس ئاتام تىرىلىپ كەلگەندەك بولدى، مەن سېنىڭ ئىتائىتىڭگە ئۆتۈشكە تەييارمەن.

ئۇلار قىلىشقان گەپ — سۆزلىرىنى پىنھان تۇتىدىغان بولۇشۇپ، ئىسكەندەر ئەسكەرلىرى بىلەن مېھمان سۈپەتىدە چىن مەملىكىتىگە كىرىپ، بىر قانچە ۋاخ تۇرۇپ قايتىدىغانغا پۈتۈشتى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئىشلارنىڭ مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزئارا ۋەدە بېرىشتى...

بۇنداق يارىشىش ھەر ئىككى تەرەپ ئەھلىنى شادلىققا چۆمدۈردى. مۇلازىم ئەتىسى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىش ئەترىتىنى باشلاپ باردى. «شۇ» خاقان بىلەن ئىسكەندەر ئىككى قۇياش بىر رۇجەكتىن چىققاندەك تەختتە ئولتۇرۇشتى، ئاتا — باللاردەك قۇچاقلاشتى.

ئىسكەندەر قايتىش ئۈچۈن جابدۇنغاندا، «شۇ» خاقان بىر گۈزەل ۋە باتۇر مەلىكىنى ئىسكەندەرگە سوۋغا قىلدى. يولدا ئىسكەندەر ناھايىتى ياۋۇز بىر قەبىلىگە دۇچ كەلدى، ئىسكەندەرنىڭ نەچچە سەركەردىسى باراۋەرلىك قىلالماي يېڭىلىپ قېلىشتى. شۇ چاغدا بىر سەركەردە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ھېلىقى ياۋۇز قەبىلىنىڭ سەركەردىسىدىن بىر قانچىسىنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇ قەبىلە چېكىندى. ئىسكەندەر بۇ سەركەردىنى بارگاھىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. قاراپ كۆردىكى، ئۇ دەل «شۇ» خاقان سوۋغا قىلغان مەلىكە ئىكەن. بۇنىڭدىن

ئىسكەندەر شۇ خاقاننىڭ ئالىيجانابلىقىغا، ئۇنىڭ خەلق-
پەرۋەرلىكى ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.
ئىسكەندەر بىلەن تۇران خاقانى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن نا-
ۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» دە بېرىلگەن ئۇچۇرغا
ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلدى. مانا بۇ دانالىق، مانا بۇ ئە-
قىل- پاراسەت. كىچىككىنە يول قويۇش بىلەن شۇنچە
دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلقىمىز
ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پىرامىداسىنى ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق،
ساداقەت ۋە ئەقىل- پاراسەتكە تايىنىپ تىكلىگەن، ئۇنى
ھەم شۇنداق ئەقىل- پاراسەتلىك خەلقلا قوغداپ قالالاي-
دۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزنى چاقنىتىدىغان بوستانلىق مە-
دەنىيتى ئەنە شۇنداق دانا، باتۇر پادىشاھلارنىڭ يېتەك-
چىلىكى، باتۇر، ئەقىل- پاراسەتلىك خەلقنىڭ تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ۋەتەن دېگەن
ئادەم جىسمىدىكى جانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى
قوغداشنى جېنىنى قوغداش بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ. بۇ
خىل پەزىلەت دۈشمەنلەرنىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشقا، قا-
يىللىققا ئۈندەيدۇ.

زۇلقەرنەيىننىڭ بۇ قېتىمقى شەرققە قىلغان يۈرۈشى،
شەرق مەدەنىيتى بىلەن غەرب مەدەنىيتىنى ناھايىتى
قويۇق ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان مۇھىم بىر
سەۋەب ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقەلىك تىللاردا داستان بولۇپ،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقاپ، رىۋايەت شەكلىدە زاماندىن
زامانلارغا يادىكار قالغان.

تۈركمەن رىۋايىتىنىڭ داۋامىدا، شۇ خاقان شەھەرنى
تاشلاپ، قۇرۇق قالدۇرۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، شەرق
تەرەپكە چېكىنگەن بىر چاغدا، زۇلقەرنەيىن يېتىپ كېلىپ،
شەھەرنىڭ تۆپتۈز، قۇرۇق سايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆ-
رىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە بۇ چاغدا تېخى
تىراز، ئىسجاپ، بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى
شەھەرلەر بىنا بولمىغان ئىكەن. ئۇ يەرلەردە ئۇ چاغلاردا
چېدىر ئۆيلەردە ياشايدىغان كۆچمەن تۈركلەر ھايات كە-
چۈرىدىكەن، شۇ چاغدا پەقەت 22 كىشى ئات ئۇلاغ تاپالماي
توپتىن قېپقاپتۇ. شۇ ئاردا ئىككى ئائىلىلىك ئۇ ئائىلىلىك-
لەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ 22 ئائىلىلىكلەرگە قوشۇلۇپ،
زۇلقەرنەيىن بىر يولۇچى، بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدۇ، بىز-
نىڭ بۇ يەردە قېپقالمايدۇ. بىز بەربىر ئۆزىمىزنىڭ يېرد-
مىزدە تۇرىمىز دېيىشىپ پاراڭلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 22
ئائىلە كېيىن قوشۇلغان ئىككى ئائىلىگە، بۇنداق بولسا سىلەر
مۇشۇ يەردە قېلىڭلار، ئاچ دېگەن مەنىدە «قال ئاچ»
دەپتۇ. كېيىن ئۇلار خالاچ بولۇپ قالغان، خالاچلارنىڭ
نەسلى مانا شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلە، دەپ خالاچلارنىڭ
ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن.

زۇلقەرنەيىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە بۇ ئادەمنىڭ
ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس
بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار:
«تۈرك مەنەند» (تۈرك ئوخشايدۇ، تۈرككە ئوخشايدۇ).
دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام
بولۇپ قاپتۇ. مەھمۇد قەشقىرى ئىزاھات بېرىپ، تۈركمەنلەر
نەسلى 24 قەبىلە، لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان
خالاچلار بەزى جەھەتتىن ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.
شۇڭا ئۇلار ئوغۇز قاتارىغا كىرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

بىز بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن «تۈركمەن» دېگەن
قەبىلە نامىنىڭ «تۈرك ئىكەن» دېگەندەك مەنىدە كەل-
گەنلىكىنى، بۇلار بىلەن ئوغۇزلار ئوخشاش بىر قەبىلە
ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇلار 22 قەبىلە بولۇپ،
ئىككى قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان خالاچلار بەزى جەھەت-
تىن ئوغۇزلاردىن، يەنى تۈركمەنلەردىن پەرقلەنگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈركمەن ياكى ئوغۇز ھېسابلىمىغانلىقىنى
چۈشەندۇق. ئۇلارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىن قارىغاندا
تۈركلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇزۇن چاچ قويىدىغانلىقى تا-
رىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن. بۇ خۇسۇستا «دىۋان»دىمۇ
روشەن بايانلار بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**
تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2007 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.
سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن.
ئالاقىلاشقۇچى: **خۇرسەنئاي مەتىمىن**
تېلېفون: (0991) 4554017




# كېرىيە مەشرەپلىرى

كېرىيە مەشرەپلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇرت ـ مەھەللە مەشرەپلىرى، سەيلە مەشرەپلىرى، چاي مەشرىپى ۋە تاغ مەشرىپى دەپ تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ مەشرەپلەردە، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش ئاساس بولسىمۇ، تۈرلۈك ئويۇنلاردا ئادەم تەربىيىلەش ئاساس قىلىنىدۇ. كېرىيە مەشرەپلىرىدە يەنە مەشرەپ بېگى، مىرشاپ، پاششاپ دېگەنلەر بولمايدۇ. مەشرەپكە مەشرەپ سورۇنىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ مەشرەپنى قىزىتىش ياكى باشقۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا، باشقا يۈز ئابرۇيلۇق ھەم قىزىقچى كىشىلەرگە رىياسەتچىلىكنى ھاۋالە قىلىدۇ. رىياسەتچى «پادىشاھى ئالەم» دەپ ئاتىلىدۇ. جازا يۈرگۈزگۈچىنى رىياسەتچى بەلگىلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تۆت خىل مەشرەپنىڭ ئىچكى ھالقىلىرىدا مۇئەييەن پەرق ۋە ئۆزگىچىلىكلەر بار.

## يۇرت ـ مەھەللە مەشرەپلىرى

يۇرت ـ مەھەللە مەشرەپلىرىنى يەنە ئۆز ئىچىدىن توي مەشرىپى، مەرىكە مەشرىپى، خامان مەشرىپى، ئولتۇرۇش، ئايلانما (نۆۋەت چاي) مەشرىپى دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**توي مەشرىپى:** كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، مەزمۇنى بىر قەدەر مول بولغىنى توي مەشرىپى بولۇپ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويى بولغان كۈنى چۈشتە كېلىنچەك كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. كەينىدىن كېلىنچەكنىڭ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى «يۈز ئاچقۇ»غا كېلىدۇ، كېلىننىڭ يۈزى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ـ يىگىتلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، كەچ كىرگىچە مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. مەشرەپكە ئىختىيار قىلغان چوڭلارمۇ قاتنىشىدۇ. مەشرەپكە يىگىت قولدىشى (باش يىگىت) رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. باشتا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشى ئۇسسۇل ئويناپ

باشلاپ بېرىدۇ. ئاندىن تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز بىر مەيدان ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. ئاندىن قىز ـ يىگىتلەر ئىختىيارى ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەشرەپ ئەۋجىگە چىققاندا، يىگىت تەرەپنىڭ تويىغا باش بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن سانىلىدىغان ئايال ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئايال قۇدىلارنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. توي مەشرىپىدە ئاساسەن ئويۇن ئوينالمايدۇ. لېكىن بۇ مەشرەپ تېخى توي قىلمىغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ جورا تاللىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ. يىگىتلەر ئۇسسۇلنى ئەڭ چىرايلىق ۋە ياخشى ئوينىغان قىزلارنى تاللىشىپ ئۇسسۇلغا تارتىدۇ ۋە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ. كەچقۇرۇن قىز بىلەن يىگىت ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ بىر قانچە يېقىن دوستلىرى بىلەن قىزنىڭ بىر قانچە يېقىن دوستلىرى ھۇجرىدا مەشرەپنى قىسقا ۋە ئاددىيلا داۋاملاشتۇرۇپ، مەشرەپنى تاماملايدۇ ۋە تويدىن تارايدۇ.

توي مەشرىپىدە گەرچە ئاساسەن ئويۇن ئوينالمىسىمۇ، لېكىن «توكۇر پەخشىم»، «گۆشگىردەك»، «نازىركۇم»، «لەيلىمجان» قاتارلىق ھەجۋىي ئۇسسۇللار كۆپ ئوينىلىدۇ.

**مەرىكە مەشرىپى:** مەرىكە مەشرىپى——ئات توي (بۆشۈك توي)، خەتنە توي (سۈننەت توي)، قۇلاق تەشمە، جۇۋان توي (چاچۋاغ توي) قاتارلىق قۇتلۇق مەرىكىلەردە ئوينىلىدۇ. ئات توي، خەتنە توي، قۇلاق تەشمە قاتارلىق مەرىكىلەردە ئوينىلىدىغىنى مەرىكە ئۆتكۈزگەن كۈنى كەچقۇرۇن ئەرنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىغا بەرگەن چېيى ھېسابلىنىدۇ. كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. مەشرەپ جەريانىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاساس، تۆرلۈك ئويۇنلار قوشۇمچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇۋان توي——خاس ئاياللار بىلەنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەرىكە بولغاچقا، مەشرەپمۇ ئاياللار مەشرىپى بولىدۇ. مېھمانلارغا تاماق تارتىلىپ، مېھمانلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىنلا مەشرەپ باشلىنىپ، مەرىكە تاماملانغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ سازەندىلىرىمۇ ئاياللار، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلىرىمۇ ئاياللار بولىدۇ. ئۆزئارا چاقچاقلىشىش، ياشلارغا، توي قىلمىغان قىزلارغا تەربىيە بولىدىغان ھېكايىلەرنى، مىساللارنى سۆزلەش، ھېكمەتلەرنى سۆزلەش، چوڭلارنى رەنجىتكەنلەرنى جازالاش ياكى جازاغا بۇيرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئاساس، ناخشا ـ ئۇسسۇل قوشۇمچە بولىدۇ. جۇۋان تويى بولغان ئايال ئېرى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېينانا، قېيناتىسى سوۋغا قىلغان كىيىملەرنى بىر ـ بىرلەپ كىيىپ چىقىپ مېھمانلارغا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. بۇ خۇددى زامانىمىزدىكى مودا كىيىم كۆرسىتىش ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر «قىزارىپ چىقسالىڭ» دېگەن مەخسۇس جۇۋان تويىغا ئاتاپ ئىجاد قىلىنغان خەلق ناخشىسىنى ئورۇندايدۇ.

**خامان مەشرىپى:** خامان مەشرىپى——بۇغداي خامىنى، شال خامىنى، قوناق خامىنى ئېلىش جەريانىدا، مول ھوسۇل ئالغۇچىلارنىڭ يۇرت ئەھلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرىپى بولۇپ، خاماندا ئۆتكۈزۈلگەچكە، «خامان مەشرىپى» دەپ ئاتالغان. خامان ـ تېپىن مەزگىلىدە، كۈندۈزى خامان ئېلىنسا، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن مول ھوسۇل ئالغۇچىلار نۆۋەت بىلەن ئەل ـ يۇرتقا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ مەھەللىنى ئاساس قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ناخشىچىسى، سازەندىسى يوق مەھەللىلەر سىرتتىن نەغمىچى تەكلىپ قىلىدۇ. خاماننىڭ چېتىدىكى بوشلۇققا گۈلخان يېقىلىپ، مەشرەپ گۈلخان ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. «خامان مەشرىپى»دە تۆرلۈك ئويۇنلار ئاساس، ناخشا ـ ئۇسسۇل قوشۇمچە قىلىنىدۇ. خامان مەشرىپىدە خەلق ئويۇنلىرىدىن «كەپسەنچى تاز»، «قىساسچى تاز» قاتارلىقلار، ئالاھىدە ناخشا ـ ئۇسسۇللاردىن «قاغىلىغىققالىڭ غىق» قاتارلىقلار كۆپ ئوينىلىدۇ. بۇ مەشرەپ بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى قۇتلۇقلاش بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن خامانچىلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان.

**ئولتۇرۇش:** ئەرلەر ياكى ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەنلا بولىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ، دائىرىسى كىچىكرەك بولىدۇ. ئولتۇرۇشنىڭ ۋاقتى قەرەلسىز بولىدۇ، ئىختىيار قىلغۇچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دوستلىرىنى چاقىرىپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ.

**ئايلانما (نۆۋەت چاي مەشرىپى):** بىر نەچچە ئائىلە نۆۋەت بىلەن چاي بېرىپ، مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، قەرەللىك ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل مەشرەپتە كۆپىنچە ئەرلەر ئايۋاندا، ئاياللار سارايدا، ياز كۈنلىرى ئەرلەر ھويلىدا، ئاياللار ئايۋاندا سورۇن تۈزەيدۇ. ناخشا ـ ساز ئەرلەر سورۇنىدا بولىدۇ. ئاياللار ئەرلەر سورۇنىدىكى ناخشىغا ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، سورۇننى قىزىتىش ئۈچۈن ئۇسسۇلچى ئەرلەر ئاياللار سورۇنىغا كىرىپ، ئۆز خوتۇنىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئېلىپ چىقىشىدۇ، ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندا ئاياللار ئۆز سورۇنىغا كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ مەشرەپلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش سەۋەبلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، تەرتىپى، مەزمۇنى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ مەشرەپلەردە توي مەشرىپىدىكى ھەجۋىي ئۇسسۇللار ئوينالغاندىن سىرت، «ئەستەرۇللا خانىقە»، «قاغىلىغىققاڭ غىق» قاتارلىق مەخسۇس ئۇسسۇللارمۇ ئوينىلىدۇ ھەم تۈرلۈك جازالاش ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ.

## سەيلە مەشرەپلىرى

سەيلە مەشرەپلىرى ئاساسەن بىدە چىققاندا «كۆك سەيلىسى»، ئۈجمە پىشقاندا «ئۈجمە سەيلىسى»، ئۆرۈك پىشقاندا «ئۆرۈك سەيلىسى»، قوغۇن پىشقاندا «قوغۇن سەيلىسى»، شاپتۇل پىشقاندا «شاپتۇل سەيلىسى»، كۈز پەسلىدە «سەھرا سەيلىسى» قىلىش سەۋەبىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ مەشرەپلەر قايسى سەيلە بولسا، شۇ مېۋە مول ۋە ياخشى باغدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەشرەپلەردە باغ ئىگىسى مېھمان چاقىرىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇشىمۇ بولىدۇ، دوست ـ بۇرادەرلەر يىغىلىپ، باغقا بېرىپ ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرۇشىمۇ بولىدۇ. ئۇيۇشتۇرۇش سەۋەبى ھەر خىل بولسىمۇ، شۇ مېۋىدىن تويغىچە يېيىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە سەيلە مەشرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۈجمە پىشقاندا ئارال يېزا بەش توغراق كەنتىدىكى «ئۈجمە قاتار»، لەڭگەر يېزىسىنىڭ «ئۈجمىلىك ئارقا» قاتارلىق جايلاردا كۈنىگە نەچچە ئون سورۇندا مەشرەپ قىزىيتتى. باشقا مېۋىلەر پىشقان مەزگىلدە چوڭ ـ كىچىك مېۋىلىك باغلارنىڭ ھەممىسىدە مەشرەپ قىزىيتتى. قوغۇن سەيلىسى قوغۇنلۇقتا ئېلىپ بېرىلاتتى . شاپتۇل سەيلىسىدە بايلار ئويتوغراققا بېرىشاتتى. «سەھرا سەيلىسى» ئاساسەن شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلار يېزىدىكى ئۆرۈك ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، سەھراچە تاماق ئەتكۈزۈپ يېيىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ قۇربىتى يەتسە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. سەيلە مەشرەپلىرى شەھەر ئاھالىلىرى يېزىلارغا بارغاندا ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپلەر بولۇپ، سەيلىچىلەر نەغمىچىلەرنى بىرگە ئېلىپ باراتتى. بۇ مەشرەپلەرنىڭ ئوينىلىش شەكىللىرى باشقا مەشرەپلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت يېمەكلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ.

## چاي مەشرەپلىرى

كېرىيە ئۇيغۇرلىرى چايخۇمار كېلىدۇ، چاي تەييارلاش ۋە چاي ئىچىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر قانداق مەرىكە ۋە مېھماندارچىلىق چاي قويۇش ۋە ئىچىش بىلەن باشلىنىدۇ. ھەرقانداق مېھمانغا داستىخان سېلىشتىن بۇرۇن سىنچاي قويىدۇ. چاي مەشرەپلىرى ئاساسەن ئىچىملىك چاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەييارلىنىدىغان چايغا قاراپ «گۈلچاي مەشرىپى»، «باغچا مەشرىپى»، «قارىچاي مەشرىپى» دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەنا جەھەتتە ئەل ـ يۇرتقا چاي بېرىش بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇش، ئەل ـ مەھەللىگە ئورتاق چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«گۈلچاي مەشرىپى» ئاساسەن ھەر يىلى 5 ـ ، 6 ـ ئايلاردا ئورما مەزگىلىدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. «گۈلچاي مەشرىپى»دە ھەممە كىشى گۈلچاي ئىچىدۇ. گۈلچاي ـ كېرىيىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى چۇڭگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان غۇنچىسى ياكى قۇرۇتۇلغان چۇڭگۈل بەرگىنى ئاساس قىلىپ، باشقا دورا ـ دەرمەكلەر تەڭشىلىپ تەييارلىنىدۇ. گۈلچاي ـ چۇڭگۈل ئېچىلغان مەزگىلدە تەييارلىنىدۇ. شۇڭا «گۈلچاي مەشرىپى» گۈلچاي تەييارلىنىپ بولغان مەزگىلدىن باشلىنىپ، ئورما مەزگىلىگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىل دېھقانلارنىڭ سېرىقتال مەزگىلى بولغاچقا، يېڭى بۇغدايغا ئۇلىشالمىغانلارغا ئاشلىق ياردەم قىلىش، ئاشلىق ئارىيەت بېرىش قاتارلىق خەيرلىك ئىشلار مۇشۇ مەشرەپتە بېجىرىلىدۇ.

«باغچاي مەشرىپى» 9 ـ ، 10 ـ ئايلاردا كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. باغچاي مەشرىپىدە ھەممە كىشى باغ چېيى ئىچىدۇ. باغ چېيى ـ «باغ چېيى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، قازاندا قورۇپ تەييارلىنىدۇ. باغ چېيىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن بولغاچقا، يېرى جىق كىشىلەرلا تېرىيالايدۇ. يېرى ئاز كىشىلەر باغ چېيىنى ئالما، نەشپۈت يوپۇرماقلىرىنى يىغىۋېلىپ، بىر نەچچە كۈن سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ سۇ زۇۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ، قازاندا قورۇپ، قايتا نەمدەپ، نەمدەلگەن يوپۇرماقنى توغراپ، ئاندىن كېسەكلەپ تەييارلايدۇ. يەرلىك ئۇسۇلدا تەييارلانغان بۇ چاي باشقا دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەڭشىلىپ ئىچىلىدۇ.

«قاراچاي مەشرىپى»نى ئاساسەن ئىچكىرىگە قاتنايدىغان باي سودىگەرلەر ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەل ـ يۇرتقا چاي بېرىپ دىدارلىشىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى بولمايدۇ. مەشرەپتە مېھمانلارغا ئىچكىرىنىڭ قارا چېيى دەملىنىدۇ.

چاي مەشرەپلىرىدە، ئىچىملىك چاي گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ ۋە ئارازلىشىپ قالغانلارغا چاي قۇيۇپ ياراشتۇرۇش

ئەڭ مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئەل ـ يۇرت ئىچىدىكى ناشايان ئىشلار تەنقىدلىنىپ، ساۋاب ئىگىلىرى تارتۇقلىنىدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن تەربىيە، قىزىقچىلىق بىلەن تارتۇقلاش ۋە جازالاش، بېيىت ئوقۇپ مۇشائىرە قىلىش بىلەن يۇقرالارنى دىيانەت يولىغا باشلاش، يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەش قاتارلىق مەزمۇنلار گىرەلەشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## تاغ مەشرىپى

تاغ مەشرىپى ـــ تاغلىق رايونلاردا كەڭ تارقالغان مەشرەپ بولۇپ، ھازىر ئاتچان يېزىسىنىڭ پۈلۈ ۋە لۇش كەنتىدە نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. تاغ مەشرىپىنىڭ تەرتىپى ۋە شەكلى باشقا مەشرەپ تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. تاغ مەشرىپىنىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ:

يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى مەشرەپكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مەشرەپتە ئەر ـ ئاياللار بىر سورۇندا ئولتۇرىدۇ. تاماقتىن كېيىن سازنىڭ چېلىنىشى مەشرەپ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەھەللىدىكى پۈتۈن سازەندىلەر بىر يەردە ئولتۇرۇپ، نەغمە قىلىشنى باشلىسا، نەغمە 2 ـ 3 سائەتتە ئاندىن توختايدۇ. نەغمە باشلىنىپ، قىز ـ يىگىت، ئەر ـ ئاياللار تەشەببۇسكار ھالدا بىر ـ بىرسىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلدىن ھارغاندا، قىزىقچى مەيدانغا چىقىدۇ. تاغ مەشرىپىدىكى قىزىقچى ـــ مەشرەپنىڭ پاششاپلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. قىزىقچى ئويۇننى «تاز بولدى» ئويۇنىدىن باشلايدۇ. ئۇ بېشىغا سالۋا تەلپەك كىيىپ، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، بېلىنى يىپ بىلەن باغلاپ، ئىشتىنىنى تۈرۈپ قويۇپ، پۇتىغا چورۇق كىيىپ، قولىغا ھاسا تاياق ئېلىپ، تولىمۇ ھەجۋىي قىياپەتتە گىرىم قىلىپ ۋە ياسىنىپ، تازنى دوراپ، بېشىنى قاشلاپ مەيدانغا كىرىدۇ. بىرەيلەن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ ۋە بىر قەپەس پاراڭلىشىدۇ. پاراڭ پۈتۈنلەي يۇمۇرىستىك تۈستە بولۇپ، بىر نەچچە سۆز ئويۇنلىرى ئورۇندىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ھەجۋىي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۇسسۇل ئوينىغاچ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان، سۇنۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ پۇتىغا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۆزئارا پاراڭلاشقانلارنى ھاسىسى بىلەن نوقۇپ ياكى ئۇرۇپ، مەشرەپ ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئاندىن ھەممە كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «پۇل تىلەيدۇ». پۇلى بارلار پۇل بېرىدۇ، پۇلى يوقلار قەغەز بېرىدۇ. ئۇ «پۇل تىلەپ» بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بەرگەن پۇللىرىنى شۇ كىشىگە قايتۇرىدۇ. پۇل ئىگىسى پۇلنى ئېلىپ، كۆزىگە سۈركۈۋېتىپ بەرگەندىن كېيىن قوينىغا سالىدۇ. بۇ جەريان پۈتۈنلەي ھەجۋىي ئۇسسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىزىقچى مەشرەپ مەيداندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەشرەپ ئەھلى يەنە ئۆزئارا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇل بىر ھازا قىزىغاندىن كېيىن، قىزىقچى «غاز بولدى» ئويۇننى باشلايدۇ. ئۇ تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋىسىنىڭ بىر يېڭىنىڭ ئۇچىنى غازنىڭ شەكلىدە ياساپ، غازنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىپ بىر تال ياغاچ قاداپ، «غاز»نى ئۇڭ قولىغا كىيىپ كىرىدۇ. سازەندىلەر دەرھال پەدىنى «شەرۋازىم»غا يۆتكەيدۇ. قىزىقچى قول ھەرىكىتىدە غازنى دوراپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «غازنىڭ تۇمشۇقى» بىلەن چوقۇلاپ، ھەر بىر كىشىنى بىر كۇپلېت بېيىت ياكى قوشاق ئوقۇشقا سالىدۇ. بېيىت ياكى قوشاقنى دەرھال باشلىيالمىسا داۋاملىق چوقۇلايدۇ. ئوقۇيالمىسا جازاغا تارتىدۇ. «غاز بولدى» ئويۇنى تاماملانغاندىن كېيىن، قىزىقچى مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ. مەشرەپ ئەھلى يەنە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. قىزىقچى سورۇن سوۋۇپ قالاي دېسىلا مەيدانغا كىرىپ، «يولۋاس كۆندۈرۈش»، «مۈرەبىم»، «بۇدۇشقاق»، «ھايۋانلار مەجلىسى»، «تۆگىگە مىنىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇن جەريانىدا، نەغمىچىلەر ناخشا ـ مۇزىكىنى زادى توختاتمايدۇ. قىزىقچى ھەر قېتىملىق ئويۇندا مەشرەپ تەرتىپىنى ئۇدا بۇزغانلارنى جازاغا تارتىپ تۇرىدۇ. جازانى رىياسەتچى بەلگىلەيدۇ. رىياسەتچىگە ئايرىم ئىسىم قويۇلماي، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئاتىلىدۇ. جازالاش ئويۇنلىرىدا «جۇۋاز قوشۇش»، «توخۇغا مىنىش»، «ئېشەككە مىنىش»، «توپاق كۆندۈرۈش»، «تەخسە چىشلەش»، «چىش تارتىش»، «چاچ چۈشۈرۈش»...قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

تاغ مەشرىپىدە، بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ ئايرىم ئۇسسۇلى بولىدۇ. شۇ ناخشا چىققاندا، شۇ ئۇسسۇلنى ئوينىيالايدىغانلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىر ناخشىنىڭ ئۇسسۇلى باشقا ناخشىدا ئوينالمايدۇ. مەسىلەن، «يامان يولۋاس» ناخشىسىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال خۇددى قومۇلنىڭ پوتا ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەت بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ، لېكىن قولىغا ھېچنەرسە ئالمايدۇ؛ «تاماكۇ» ناخشىسىدا «مەست ئۇسسۇلى» ئوينىلىپ، مەستنى دوراپ، تاماشىبىنلارنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ قىزىقچىلىق قىلىپ ئوينىلىدۇ؛ «ئۆز پەدە» ناخشىسىغا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنىڭ پۇت رىتىمى ئادەتتىكى ئۇسسۇلنىڭ پۇت رىتىمىغا ئوخشىمايدۇ، قوش دەسسەش ئاساس قىلىنىدۇ.

روسىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى پىرژېۋالسكي كېرىيىنىڭ پۈلۈ تاغلىق رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، يەرلىك خەلق ئۇلارغا مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بەر-

گەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە پۇلۇلۇقلارنىڭ مەشرىپى توغرىسىدا توختىلىپ، «هايۋانلار مەجلىسى» دېگەن ئويۇننى ئالاهىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ بىر كومېدىيە تۈسىدىكى ئويۇن بولۇپ، كىشىلەر يولۋاس، بۆرە، تۈلكە، قوي، قوزا، توشقان...قاتارلىق هايۋانلارنىڭ رولىنى ئېلىپ ئوينايدۇ.

چارۋىچىلار ياز پەسلىدە چارۋا ماللىرىنى چېقىل ئارىسىدا باقىدۇ. قىش پەسلىدە كەنتكە يېقىن جايلاردىكى يايلاقلاردا باقىدۇ. بۇ چاغلاردا ئاساسەن ئائىلىسىدە تۇرىدۇ. شۇڭا «تاغ مەشرىپى» قىش پەسلىدە كۆپ ئوينىلىدۇ. تاغلىق رايونلاردا توي ـ تۆكۈن مەشرەپسىز ۋە ئوغلاق تارتىشىشسىز ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

### مەشرەپ ئويۇنلىرى

كېرىيە مەشرەپلىرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقا، «توكۇر پەخشىم»، «گۆشگىردەك»، «نازىركوم»، «لەيلىمجان» قاتارلىق هەجۋىي ئۇسسۇلدا، «ئەستەرۇللا خانىقە»، «قاغىلىغىققاڭ غىق» قاتارلىق ئالاهىدە ئۇسسۇللار، «كەپسەنچى تاز»، «قىسماقچى تاز»، «بۇدۇشقاق» قاتارلىق خەلق ئويۇنلىرى ئوينالغاندىن باشقا، «جۇۋاز قوشۇش» (ماي تارتىش)، «ساماسا يېقىش»، «خام توقۇش»، «سامان تىقىش»، «توپاق كۆندۈرۈش»، «ئېشەككە مىنىش»، «مونەك يېگۈزۈش»، «توخۇغا مىنىش»، «تەخسە چىشلەش»، «چىش تارتىش»، «چاچ چۈشۈرۈش»، «رەسمگە تارتىش» قاتارلىق جازالار يۈرگۈزۈلىدۇ. ئاياللار ئارىسىدا «تۆك چۈشۈرۈش»، «چاشقان قويۇپ بېرىش»، «سامان تىقىش»، «گۈل چىشلىتىش» قاتارلىق جازالار يۈرگۈزۈلىدۇ.

هەجۋىي ئۇسسۇللارنىڭ ئايرىم ناخشىلىرى بار بولۇپ، ناخشىلىرىمۇ ساتىرىك ناخشىلاردۇر. ئۇسسۇل ئويناش شەكلىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ ناخشىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئۇسسۇلدا پىشقان، هەجۋىي هەرىكەتلەرگە ماهىر، مۇزىكا رىتىم سەزگۈسى يۇقىرى كىشىلەر ئوينايدۇ. كۆرگەنلا ئادەم ئوينىيالمايدۇ. «توكۇر پەخشىم» ناخشىسى «توكۇر پەخشىم توكۇرسىز، ئويناڭ پەخشىم ئويناڭ سىز» سۆزىنى نەقرات قىلىپ، ئادەمنىڭ چېچىدىن باشلاپ پۇتىغىچە بولغان هەممە ئەزاسى هەجۋىيلەشتۈرۈپ ئوقۇلىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغۇچى قايسى ئەزانىڭ گېپى چىقسا، شۇ ئەزاسىنى هەجۋىي شەكىلدە هەرىكەتلەندۈرۈپ، توكۇرنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. «گۆشگىردەك» ئۇسسۇلىنىڭ پۇت رىتىمى تاتارلارنىڭ ئاتنۇشكىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇسسۇلچى ئۇسسۇلنى سەكرەپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. لېكىن قول ۋە بەدەن هەرىكىتىدە گۆشگىردىنىڭ خېمىرىنى تەييار قىلىشتىن باشلاپ، قىيما قىلىش، تونۇرغا ئوت سېلىش، گۆشگىردىنى يېقىش، پىشۇرۇش، قومۇرۇشقىچە بولغان جەريان ئىپادىلىنىدۇ. «نازىركوم» ئۇسسۇلىدا، بىر يىگىت (ياكى ئەر) ساقال ـ بۇرۇت ياساپ، تەلپەك ۋە جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، دوك قىياپىتىدە ياسىنىپ، قولىغا هاسا تاياق ئېلىپ، هەجۋىي قىياپەت ۋە هەجۋىي هەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. يۇقىرىقى ئۇسسۇللارنى يىگىتلەر ياكى ئەرلەر ئورۇندايدۇ. بىر ياكى بىر قانچە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندىسىمۇ بولىدۇ. «لەيلىمجان»دا، بىر ئايال بىلەن بىر ئەر هەجۋىي قىياپەتتە ياسىنىپ ۋە گىرىم قىلىپ، ئايال تولىمۇ چەبدەس، چاققان، جانلىق قىياپەتتە، ئەر تولىمۇ لۆملۆم، ئېزىلەڭگۈ، دەلدۈش قىياپەتتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئايالنىڭ ئەرنى باشقۇرۇش، ئەدەپلەش هەرىكەتلىرى ئۇسسۇل جەريانىدىكى ئەڭ هەجۋىي هەرىكەتلەر بولۇپ هېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە ئاياللارنىڭ رولىنى ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ ئالىدۇ.

ئالاهىدە ئۇسسۇللاردىن «ئەستەرۇللا خانىقە»نىڭ ناخشىسىنى بىر ياكى بىر قانچە راۋاپچى ئورۇندايدۇ. بىر ياكى بىر قانچە ئەر كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىككى بىلىكىنى بېقىنىغا ئۇرۇپ، ناخشا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ ئاۋاز چىقىرىپ ماسلىشىدۇ ۋە ناخشىنىڭ «ئەستەرۇللا خانىقە» دېگەن نەقراتىنى ئوقۇشۇپ بېرىدۇ. ئۇسسۇل ئاخىرىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەپ تۈزۈپ ئۆردەكچىلەپ مېڭىپ، دەمدەرنى دوراپ ئۈنلەپ، ئۇسسۇلنى قىزىتىدۇ. «قاغىلىغىققاڭ غىق» ئۇسسۇلىنىڭ شەكلى «ئەستەرۇللا خانىقە»گە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ناخشا ئاهاڭى ۋە تېكىستى ئوخشىمايدۇ. ئۇسسۇلچىلار دەسلەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ناخشا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ ئالقىنى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى كۆپىنچە ئىككى ئەر ئورۇنلايدۇ. «قاغىلىغىققاڭ غىققاڭ غىق» نەقراتىنى ناخشىچىلارغا ئەگىشىپ ئوقۇيدۇ.

«كەپسەنچى تاز»، «قىسماقچى تاز» قاتارلىق خەلق ئويۇنلىرى مەنا جەهەتتىن سۆز ئويۇنى بولۇپ، ساز چېلىنمايدۇ، ناخشا ئېيتىلمايدۇ. «كەپسەنچى تاز»دا مەشرەپ قىزىقچىلىرى كەپسەنچى تاز، خامانچى، دېهقان قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىپ، سۆز ئويۇنى ئويناپ قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ. «قىسماقچى تاز»دا مەشرەپ قىزىقچىلىرى قىسماقچى تاز ۋە ئۇنىڭ قوشنىسى قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىپ، سۆز ئويۇنى ئويناپ قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى قاپىيىداش بولىدۇ. ئىككى تازنىڭ رولىنى ئالغۇچىلار هەجۋىي

قىياپەتتە ياسىنىدۇ. «بۇدۇشقاق» ئويۇننى بىر ئادەم
ئۆلۈك قولىغا جۇۋا، ئىشتان، ئۆتۈك ۋە تەتۈر ئۆرۈلگەن
تەلپەك كىيگۈزۈپ ياسالغان ئادەمنى ئېلىپ، ئۆزىمۇ
ھەجۋىي قىياپەتتە كىيىنىپ، بىر ئادەم ئىككى ئادەمنىڭ
رولىنى ئېلىپ ئوينىلىدۇ. بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ بىرى
كۆيئوغۇل، بىرى قىيناتا بولۇپ، يەرگە نېمە تېرىش توغ-
رىسىدا گەپ تالىشىپ، ئاخىرى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، كۆيئو-
غۇل قېيناتىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ھازا ئېچىش
جەريانى كۆرسىتىلىدۇ.

جازالاش ئويۇنلىرىدا بىراۋنىڭ چوكانلارنىڭ كۆڭلىنى
رەنجىتكەنلىكى، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلىمىگەنلىكى،
قىز ـ چوكانلارغا قاش تاشلىغانلىقى، سورۇن تەرتىپىنى
بۇزغانلىقى... قاتارلىقلار سەۋەب قىلىنىپ، مەشرەپ ئەھلى
رىياسەتچىگە «داد! پادىشاھى ئالەم» دەپ «داد» ئېيتىدۇ.
«پادىشاھى ئالەم» ئەيىبلەنگۈچىدىن ئەھۋالنىڭ راست ـ
يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، قىلمىشىغا قارىتا تەربىيە ئىشلە-
گەندىن كېيىن جازاغا بۇيرۇيدۇ. جازالاش ئويۇنلىرىدىن
«جۇۋاز قوشۇش»تا، جازالانغۇچىنىڭ بېشىغا چاپان ئورۇ-
لۇپ، «جۇۋازچى» چاپاننىڭ بىر يېڭىنى بىر قولىدا تۇتۇپ،
بىر قولىدا جازالانغۇچىنىڭ قۇلىقىدىن يېتىلەپ، جازالانغۇ-
چىنى دوڭغايتىپ، ئۆزىنى مەركەز قىلىپ ئايلاندۇرىدۇ. كەي-
نىدىن بىرسى جازالانغۇچىنى ئۇرۇپ ھەيدەيدۇ. جازا ئا-
خىرلىشاي دېگەندە، جۇۋازچى چاپاننىڭ يېڭىنى تىك تۇتۇپ
تۇرۇپ، چاپاننىڭ يېڭىدىن جازالانغۇچىنىڭ ئۇستىگە سوغۇق
سۇ قۇيىدۇ ۋە «ياغ چىقتى» دەپ ۋارقىراپ جازانى ئاخىر-
لاشتۇرىدۇ. «سامسا يېقىش»تا: «ناۋاي» جازالانغۇچىنىڭ
كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېتىپ، دۈم ياتقۇزۇپ جازالانغۇچىنىڭ
دۈمبىسىدە خېمىر يۇغۇرۇش، قىيما تەييارلاش، سامسا تۈ-
گۈش، تونۇرغا ئوت سېلىش، سامسا يېقىش، پىشۇرۇش، قو-
مۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. «خام توقۇش»تا: ئىككى
كىشى جازالانغۇچىنى تىزلاندۇرۇپ ياتقۇزۇپ، بىرى مۈرد-
سىدىن، بىرى كاسىسىدىن ئىتتىرىپ، جازالانغۇچىنى تاسقاپ
تۇرۇپ، خام توقۇش جەريانىنى ئورۇندايدۇ. «سامان تە-
قىش»تا: سامان تىققۇچى جازالانغۇچىنى يۈكۈندۈرۈپ ئول-
تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن مۈشتۈمنى جا-
زالانغۇچىنىڭ قوينىغا تىقىپ، تاغارغا سامان چىڭقىغان ھە-
رىكەتنى دوراپ، غىدىقلاش ئارقىلىق جازالايدۇ. «توپاق
كۆندۈرۈش»تە: جازالانغۇچى توپاق قىلىنىپ، جازالىغۇچى
ئۈنىڭغا مىنىپ، توپاقنى مىنىشكە كۆندۈرۈش جەريانى ئو-
رۇنلىنىدۇ. «ئېشەككە مىنىش»تە: جازالانغۇچىنى تۆت
پۇتلۇق قىلىپ يۈكۈندۈرۈپ، بىرسى ئۇستىگە مىنىپ سو-
رۇننى ئايلاندۇرىدۇ. ئېشەككە مىنگۈچى ئېشەكنى ساۋاپ،

بېشىنى ھەر تەرەپكە سىلكىپ قايرىپ، ئېشەكنى ھاڭرىتىپ
جازالايدۇ. «مونەك يېگۈزۈش»تە: جازالىغۇچى جازالانغۇ-
چىنىڭ كالپۇكىدىن چىمدىپ تۇتۇپ، ھەر تەرەپكە سوزۇپ
جازالايدۇ. بۇ جازاغا سان بېكىتىلىدۇ. كالپۇكنى ئولۇك ـ سول
ئىككى تەرەپكە ۋە ئاستى ـ ئۇستىگە بىر قېتىمدىن سوزۇش
بىر مونەك ھېسابلىنىدۇ. «توخۇغا مىنىش»تە: جازالانغۇچى
بىر تەلپەكنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ،
زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە مېڭىپ مەيداننى ئايلىنىدۇ. بىر
پۈتۈن ئايلىنىپ بولغىچە، تەلپەكنى بىر قېتىم چۈشۈرۈپ
قويسا، «بىر تۇخۇم تۇغقان» ھېسابلىنىپ، مەيداننى ئايلە-
نىش قېتىمىغا بىر سان قوشۇلىدۇ. «تەخسە چىشلەش»تە:
جازالانغۇچى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ، تىزىنى ئەگ-
مەسلىك شەرتى بىلەن ئالدىغا قويۇلغان تەخسىنى چىشلەپ
ئالىدۇ. «چىش تارتىش»تا: بىرەيلەن تىزلىنىپ يېتىپ،
«ئورۇندۇق» بولىدۇ، جازالانغۇچى «ئورۇندۇق»تا ئول-
تۇرغۇزۇلۇپ، جازالىغۇچى بىر قولىدا جازالانغۇچىنىڭ گەج-
گىسىدىن تارتىپ تۇرۇپ، بىر قولىغا بىر تال ياغاچنى «ئاھ-
بۇر» قىلىپ ئېلىپ، جازالانغۇچىنىڭ چىشىنى تارتقان قىيا-
پەتنى دوراپ تۇرۇپ، جازالانغۇچىنى كەينىگە ئىتتىرىۋېتىدۇ.
جازالانغۇچى «ئورۇندۇق»تىن ئېشىپ يەرگە يىقىلىدۇ.
قانچە تال چىشنى تارتىش جازاسى بېرىلگەن بولسا، بۇ ھە-
رىكەت شۇنچە قېتىم ئىشلىنىدۇ. «چاچ چۈشۈرۈش»تە:
جازالانغۇچىنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، جازالى-
غۇچى ئۈنىڭ چېچىنى ئولۇك ـ تەتۈر ئېزىپ ئۇۋۇتىپ، بېشىنى
سىلكىپ ۋە دۆشكەللەپ، چاچ چۈشۈرۈش جەريانىنى دوراپ
جازالايدۇ. «رەسىمگە تارتىش»تا: جازالانغۇچىنىڭ كۆڭلە-
كى سالدۇرۇۋېتىلىپ، تامغا چاپلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇپ قو-
يۇپ، سۇ پۈركۈش ياكى چېچىش ئارقىلىق جازالانغۇچىنىڭ
گەۋدىسىنىڭ سۈرىتى تامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

ئاياللار ئارىسىدىكى «تۆك چۈشۈرۈش»تە، ئىككى
ئايال ئىككى تال يىپنى جازالانغۇچىنىڭ چېكىسى ياكى
باشقا سېرىق تۆك بار جايغا قويۇپ تۇرۇپ ئېشىپ، تۆكنى
يىپقا چىرماپ يۇلۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. «چاشقان
قويۇپ بېرىش»تە، ئىككى ئايال جازالانغۇچىنى ياتقۇزۇپ
قويۇپ، بەدىنىنى غىدىقلاش ئارقىلىپ جازالاش ئېلىپ با-
رىدۇ. «سامان تىقىش» ئەرلەر ئويۇنىدىكى بىلەن ئوخ-
شاش بولىدۇ. «گۈل چىشلىتىش» ئەرلەر سورۇنىدىكى
«تەخسە چىشلىتىش» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تەخسىنىڭ
ئورنىغا گۈل قويۇلىدۇ. «گۈل چىشلىتىش»تە، جازالان-
غۇچى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يانغا ئېڭىشىپ گۈلنى چىشلەپ
ئالسىمۇ ھېساب بولىدۇ.

(ئاپتور: كىرىيە ناھىيلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسىدە)



# ئۇيغۇر ھويلا ـ ئاراملىرى

داۋۇتجان سامساق

ئۇيغۇر ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۇچراشتۇرىدىغان سەينا دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بوستانلىق، ئېكىن ـ تېرىم مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى ھويلا ئارقىلىق نامايىش قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئالدى بىلەن تۈرلۈك سەنئەتلەر ئىچىدىكى بىناكارلىق بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان دەپ قارىلىغان خوتەندىكى (ئاق سېپىل قەدىمىي شەھىرى)نىڭ تاملىرىغا ھەر خىل شەكىلدىكى كېسەكلەر ئىشلىتىلگەن، بۇلاردىن بىز ئەينى زاماندا ئەجدادلارنىڭ شۇنداق چوڭ بىر شەھەر سېپىلىنى ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن كېسەكلەرنى تەييارلىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز» ①. شەھەر بولۇپ شەكىللىنىشتە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت تۇرمۇش شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە ھاسىل بولغان. بۇ ھەقتە مورگان خۇلاسىلەپ مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: «ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى ئەسلىگەندە، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى، ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ھەرقايسى قەبىلىلەر قاشالانغان مەھەللىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرى قىلغانىدى. ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۇلار كېسەك ۋە تاش بىلەن سېلىنغان توپ ـ توپ ھويلا ـ ئاراملاردا ئولتۇرىدىغان بولۇشتى، بۇ ھويلىلار خۇددى قورغانغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەندە، ئىنسانىيەت تەجرىبىسىدە، تۇنجى قېتىم چۆرىدەپ سېپىل سوقۇلغان شەھەرلەر، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، تاش بىلەن رەتلىك قوپۇرۇلغان سېپىللىك قەلئەلەر ۋۇجۇدقا كەلدى» ②. ئۇيغۇرلارمۇ ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا توپ ـ توپ بولۇپ مەلۇم كۆلەملەر بولغان مۇنتىزىملاشمىغان ھويلا ـ ئاراملاردا كوممۇنا تۇرمۇشىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ باسقۇچتىن باشلاپ

ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە خاس ئوخشاش قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىپتىدائىي پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق شەكىللەر كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ ھويلىنىڭ مۇنتىزىملىشىشقا، يەنى ئۆزىنىڭ تۈنجى گەۋدىسىنى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىغان ۋاقتى ئىدى.

«خەننامە»دە غەربىي رايوندا قۇتئۇش شەھىرى (تەڭرىقۇت شەھىرى)نى بىنا قىلدۇرغانلىقى، بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 45 ـ يىلى باشلىنىپ، ھەر كۈنى 500 ئادەم ئىشقا سېلىنىپ، ئىككى يىلدا پۈتتۈرۈلگەنلىكى، شەھەرنىڭ ئىككى دائىرىلىك ئىكەنلىكى، ئىچكى شەھەر توپا تاملار بىلەن قۇرۇلغانلىقى، سېپىل قوۋۇقلىرى بارلىقى، ئىچكى شەھەردە راۋاق، تەڭرىقۇت سارىيى بارلىقى، سېپىلغا بەش خىل رەڭلىك بايراق قادالغانلىقى، سىرتقى شەھەر بولسا ياغاچ ئۆيلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئېيتىلىدۇ ③ . دېمەك، مىلادىدىن بۇرۇنلا خېلى مۇكەممەل قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە، خەلقنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يۈرۈشلەشكەن تۇرالغۇغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەندىن باشلاپ، بوستانلىق، ئېكىن ـ تېرىمنى ئاساس قىلغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قوشۇمچە قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى كۆپ خىل بولغان جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتتى. لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپى قەدىمدە تەبىئىي شارائىتى ياخشى جاي بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق رايونى بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە كەم دېگەندىمۇ 3800 يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى باشلانغان ④ . ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار بۇ جايدا ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كروران خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئۆي ـ ئىمارەت خارابىسىدىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى ئاھالىلەر توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، قوشاملىق ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىمۇ بۇ خىل تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان، تۇرالغۇ ئۆيلەر بىر قەدەر چوڭ ۋە بىر يۈرۈش قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ھويلا، باغ، پېشايۋان، مېھمانخانا، ياتاق، ئاشخانا، ئامبار، كارىدور، ئېغىل ـ قوتان، كۆلچەكلەردىن تەركىب تاپقان. باغ ئەتراپىنى دەرەخ شاخلىرى بىلەن چىتلاپ قورشاۋغا ئالغان. بۇنداق ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئالغان قوشاملىق ئۆيلەر نىيە خارابىسىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ ⑤ .

گابائىن خانىم مۇنداق يازىدۇ: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي ماكانلىرى تولىراق ئىككى قانات ئىشىكلىك، دەرۋازا ئۈستىدە راۋىقى بار ۋە تاملىرى يېرىم ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان، توسما تام ئىچىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. بەزى ئۆيلەر ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان خىش ئۇلنىڭ ئۈستىگە سېلىناتتى. ئالدى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپىيى بولاتتى، ئۆيلەرنىڭ تولىسى بىر قەۋەت بولۇپ، تاملىرى مۇستەھكەم ئىدى. بايرام كۈنلىرىدە ئۆي سىرتىنىڭ تۆۋەن بۇرجىكىگە يېشىل پەردە تارتىلىپ، تامنىڭ بۇرجەك جايىدا تۈگكۈچ تۈگۈلۈپ قويۇلاتتى. ئۆگزىسى بېلىق سىرتى شەكىللىك بولۇپ ئىككى ئۇچىغا قۇشنىڭ (سۇمۇرغ بولۇشى كېرەك) شەكلى ئورنىتىلاتتى... ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ چوڭ مۇنچاق (بوغۇملۇق قۇببە ـ ئا) قادىلاتتى. ئۆينىڭ ئۆگزىسى كۆپىنچە قىزىل رەڭدە ھەشەمەتلىك پەرداز قىلىناتتى، ئۆينىڭ ئۈستىدە قالىق (بالخانا) بولۇپ، تولىراق سىپتا ئىشلەنگەن كاتەكچە شىپاڭدىن ئىبارەت بولاتتى.... ئۆيلەرنىڭ تېگى گۈللۈك تاختاي بولاتتى ياكى گىلەم سېلىناتتى. كىشىلەر دائىم ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان كىچىك ئۇزۇن ئورۇندۇق سۇكادا ياكى پولدا ئولتۇراتتى» ⑥ . كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھويلا ـ ئاراملار مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھويلىلىق قۇرۇلۇشلاردا ھويلا ئىچىدە گۈل ئۆستۈرۈلگەن، دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن بولاتتى. يەنە ئات ئېغىلىمۇ بولاتتى» ⑦ . قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدەك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن قوشۇمچە ئىگىلىك كۆكتات ۋە مېۋىلىك دەرەخ ھويلىنىڭ يەنە بىر قىسمىغا ئايلانغان. فون گابائىن خانىم ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن باشقا ھويلا ـ ئاراملارغا كەرەپشە، باشپىياز، سامساق قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىغان، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرگەن، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى

باقىقان» ⑧ . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان نەقىشلىك تۇۋرۇك، لىم ۋە سوقمىلاردىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى ھويلىلىق قورۇلۇشلاردا يەنە پېشايۋان ياكى شىپائىغا ئوخشاش قوشۇمچە تۇۋرۇكلەرمۇ بولغان. ھويلىلىق تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدىغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئۆيلەر، ئېغىل - قوتانلار بىر يۈرۈش ياسالغان. ئەلۋەتتە ھويلىلارنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى مەدەنىي ھاياتنىڭ، جۈملىدىن، دىنىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە، دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر تۆت ئەتراپىغا قاتار ياسىلىپ، ھويلىسى سىرت بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ھويلىغا قارايدۇ. ھويلا ئوتتۇرىسىدا بۇددا مۇنارى ياسىلىدۇ. مۇنار ئارقىسىغا بۇتخانا ياسىلىدۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندە كۆزگە دەماللىققا بۇددا چېلىقىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان «مانى دىن ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى»دە مانى دىنى ئىبادەتخانىسىغا قاراشلىق ئامبار، ئىبادەتخانا شىمالىي شەھەرىستان، جەنۇبىي شەھەرىستان، ياغاچچى، مال باققۇچى، غاز باققۇچى، كىگىزچى، ئوتۇنچى، قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن ⑨ . دېمەك، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋردىمۇ تۇرالغۇلار يۈرۈشلەشكەن ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىگە ئىگە بولۇپ، قوشۇمچە مۇئەسسەلىرى بۇددا دىن ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن قېلىشمىغان. مانى دىنى ئاساسىدىكى ھويلىلىق قۇرۇلۇش ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشقا مانى ئۇسلۇبىنى سىڭدۈرۈپ ئۆزگىچە ھويلا ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز يەنە ھويلىلىق قۇرۇلۇشقا دائىر نۇرغۇن پاكىتلارنى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلىم - سېتىم ۋەسقىلىرى ئىچىدىكى ئۆي سېتىشقا دائىر ھۆججەتلەردە، بېزەكلىك مىڭئۆيگە سىزىلغان تام رەسىملەردىن ھويلىنىڭ كارتىنىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. «بېزەكلىك مىڭئۆي 11 - غارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تېمىغا ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ئۆيلەر ئىچكىرى تاشقىرى بىر يۈرۈش ياسالغان؛ چوڭ دەرۋازىسى ئۆيگە ئۇدۇل ئېچىلغان تۇرالغۇ ئۆي رەسىمى سىزىلغان. بۇ پاكىتلاردىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بىر يۈرۈش قىلىپ ئىچكىرى تاشقىرى ياسىلىدىغانلىقى، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئالدى تامغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ھويلىنىڭ ئېگىز سوقما تام بىلەن قورشىلىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى، ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ⑩ . ۋەسىقىلەردە بۇ توغرىدا ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار بار. «كۈلۈگىنىڭ ئۆي سېتىش ھۆججىتى»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ ئەۋ (ئۆي)نىڭ دەرۋازىسى تەرەپتە چوڭ يول؛ كۈن چىقىش تەرىپىدە سىرتىقچى تازنىڭ ئۆيى؛ ئاستىنقى (جەنۇبىي) تەرىپىدە بەدىزچە (رەسسام، نەققاش) قاپۇتنىڭ ئۆيى؛ ئۈستى (شىمال) تەرىپىدە ئىتمىشنىڭ ئۆيى بار. ئۆينىڭ ئاچقۇچلىرى تولۇق، ئۆيىمىزنىڭ 11 دانە كوزا... سى بار. بۇنىڭدىن كېيىن 1000 يىل، تۈمەن كۈنگىچە (مەڭگۈلۈك) شاجۇ سانغۇنغا ساتتىم. مەيلى ئۆزى پايدىلانسۇن ياكى باشقا كىشىگە ساتسۇن، شاجۇ سانغۇن زىيانغا ئۇچرىمايدۇ...»⑪ . بۇنىڭدىن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تۇتاش ئىكەنلىكى، ھويلا - ئاراملىرىنىڭ كەڭ - كۇشادە، قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدىغان، ئەسلىھەلىرى تولۇق قورۇ ئىكەنلىكىنى ھەم بۇنداق قورۇلارنىڭمۇ شۇ دەۋردە بازىرى ئىتتىك بولغان ئۆي - مۈلۈك سودىسى ئىكەنلىكىنى بېلىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى ئەينى دەۋردە بۇنداق ھويلا - ئاراملىق تۇرالغۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. شەھەرنى تەمىنلەيدىغان تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى. شۇڭا ھويلا ئاراملىق تۇرالغۇلار كىچىك كارخانىلارمۇ بولالىغان، ھەتتا تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بازارمۇ بولغان.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە باشقا قوشۇمچە كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، چەكسىز كەتكەن يايلاق ۋە بوستانلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ دىنىي ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. يەنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىغا يېڭى ئىسلام مەدە-

نىيتى سىڭىپ، ئىسلامچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، جۈملىدىن، تۇرالغۇ، هويلا ــ ئارام، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى، ئوردا ــ قەسىر ۋە شەهەر قۇرۇلۇشلىرى يېڭىچە ئۇسلۇبتا تەرەققىي قىلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىر يۈرۈش ئىچكىرى ــ تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ۋە هويلا، باغ، گۈللۈك، قوتان، دەرۋازا، بالخانا، يازلىق دەم ئېلىش ئورنى، چايخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تېپىك هويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئالغان، مەهمۇد قەشقەرى تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «سەرۇ ــ Saru تەكچە ــ تاختا بېشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرى قويۇلىدۇ» ⑫ .

قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە هويلا ــ ئارام، ئىشلەپچىقىرىش، ئىجارىگە بېرىش، قول هۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىقتىن سىرت، ئېستېتىك زوقلىنىش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان. كۆلچەك، گۈللەرنىڭ ئۈستۈرۈلۈشى، ئايۋان ــ سارايلارغا تۈرلۈك نەقىشلىك گۈللەرنىڭ نەقىشلىنىشى، سىزىلىشى، قەپەسلەردە بۇلبۇل، قارىغۇجا، شاتۇت... قاتارلىقلارنىڭ بېقىلىشى هويلىنى تېخىمۇ مۇكەممەل مەزمۇنغا ئىگە قىلغان. بۇ چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۆپىنچە كۆن پېتىشقا قارىتىلىپ ياسالاتتى. هويلىسى «قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان چىت»⑬ ياكى سوقما تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. هويلىدا «سەكۇ (Saku)» دەپ ئاتىلىدىغان «ئۈستى ئوچۇق سۇپىچاق»⑭ ، بىر چېتىدە يەنە «قوي ۋە باشقا هايۋانلارنى سولايدىغان، چۆنقتىن توقۇلغان قوتان» بولۇپ، بۇنداق هويلىلىق ئۆيلەر «ئېغىللىق ئۆي» دەپ ئاتالغان⑮ . هويلىدا يەنە كىرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «ئەۋرەز»، «قاپقا (دەرۋازا)»، «باراڭ»، قۇدۇق قاتارلىقلارمۇ بولغان. بۇنىڭدىن، بۇندىن 1000 يىل مۇقەددەم ئۇيغۇرلار مەينەت سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىهەلىرىنى كەشىپ قىلىپ، مۇكەممەل هويلا ــ ئارامنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەهمۇد قەشقەرى يەنە بىر هويلىدا بىللە ياشايدىغان قوشنىلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «كىردەش» (Kirdax) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن⑯ .

يەركەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەهەتتىن توپا ــ ياغاچ قۇرۇلمىنى ئاساس قىلغاندىن سىرت يەنە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام ئۆيلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەنىدى. بايلار بىلەن هاللىق سەۋىيىدىكى سودىگەر ۋە دېهقانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى تېخىمۇ ئالاهىدە بولۇپ، تەكچە، ئەينەكلىك دېرىزە، بالخان، شىپاڭ، پېشايۋان، باغ، هويلا، يازلىق چايخانا، دەرۋازا، ئېغىل ــ قوتان... قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان باغ ــ ۋارانلىق تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلىنى ئالغان ⑰ . بۇ دەۋردە هويلا بىلەن يۈرۈشلەشكەن نۇرغۇن ئەسلىهەلەر مەيدانغا كەلگەن، بىر قىسىم ئەسلىهەلەر پەسىلگە قاراپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. يازلىق قوتان، قىشلىق قوتان، يازلىق چايخانا، قىشلىق ۋە يازلىق ئۆي دەپ ئايرىلىشى، هويلىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر هويلا ئارامىلىرى شەكىللىنىپ بولغان. بۇ دەۋردە بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خېلىلا روشەن بولغاچقا، بۇ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىدە بەكرەك ئەكس ئەتكەن. هەشەمەتلىك قورۇ ــ جاي بۇ دەۋردىكى بەگ ــ خوجىلارنىڭ هوقۇق ۋە ئىمتىيازىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇڭا بەگ ــ خوجىلار بەس ــ بەستە هەشەمەتلىك ئوردا قەسىرلەرنى سالدۇردى ۋە ئۇنى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ تۈرلۈك نەقىشلەرنى چەككۈزۈپ يېڭى تۈسكە كىرگۈزگەندى. بۇ دەۋردە بولۇپمۇ ئىمارەتنىڭ ئالدى يۈزىگە چاسا شەكىللىك تەكچە، ئىچىگە پېتىنقى هالەتتىكى مېهراپچە شەكىللەرنى چۈشۈرۈش، خىش تىزما نەقىشلەرنى مۇنارلارغا كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش، ئىمارەتنىڭ سىرتقى يۈزىگە رەڭلىك كاهىش چاپلاش قاتارلىقلار ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا يېڭى ئۇسلۇب قوشقان. هويلا ــ ئارامىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ قورۇق تاملىرى ۋە دەرۋازىلىرى ئېگىز هەم پۇختا ياسىلىدىغان بولغان⑱ . هويلا ــ ئارامدا ئېستېتىك زوقلىنىش روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىغان، بېزەكچىلىك تەرەققىي قىلغان.

مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە چەتنىڭ تەسىرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ روسىيىلىك بىناكارلار ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ كونسۇلخانا بىنالىرىنى ياساشقا تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ تېخنىكا جەهەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى⑲ . بۇ دەۋردە سېلىنغان بىر قىسىم

بىنالارنى هازىرمۇ ئۇرۇمچىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. هويلىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان قورۇلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گۇما ناھىيىسىنىڭ قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدىكى تۇردى هاجىم هويلىسى 1929 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، كۆلەم، قۇرۇلما، لايىھە ۋە نەقىش ـ بېزەك جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ، جۇملىدىن، خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قالغان. بۇ تۇرالغۇنىڭ ئىمارەت گەۋدىسى قەسىر شەكلىدە بولۇپ، ئاساسلىق گەۋدىسى توپا ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇلغۇن شېخىدا قوشاملىق قىلىپ ياسالغان، ئىككى ئايۋان، ئىككى مېھمانخانا، تۆت ئېغىز مەخسۇس ياتاق ئۆي، دەھلىز، ئاشخانا، قازناق قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك 14 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. تاملىرىنىڭ سىرتى سېغىزلاي بىلەن سۇۋالغان. ئىچى سېغىزلاي سۇۋاق ئۈستىدىن گەچ ۋە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئاقارتىلغان. تام، تەكچە، مورا بېشى قاتارلىق جايلار ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئالدى مېھمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئايەتلەر ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋاننىڭ تۆت تېمى رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئوڭ تەرەپ غەربىي ھۇجرىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا مەزكۇر قورۇنىڭ لايىھىسى سىزىلغان، توساق پەنجىلىرى ھەر خىل نۇسخىدا بەكمۇ چىرايلىق ياسالغان⑳ . دېمەك، مىنگو دەۋرىدە ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە رۇس ئۇسلۇبىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىدا سوۋېتچە ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت قەشقەردىكى مىللىي ئۇسلۇب بىلەن سوۋېت ئۇسلۇبى كىرىشتۈرۈلگەن كونسۇلخانا قۇرۇلۇشلىرى ۋە باشقا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بۇنداق قورۇلارنىڭ تىپى بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيانقى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئاساسەن زامانىۋى ئۇسلۇبقا ياندىشقان بولسىمۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا يەنىلا مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى مىللىي ئۇسلۇبچە، مىللىي ئۇسلۇب بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇب كىرىشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلار، مىللىيچە، رۇسچە ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلار تىپىدىكى قورۇلۇق تۇرالغۇلارغا تەرەققىي قىلدى. يېزا ـ كەنتلەردىكى قورۇلار ئەنئەنىۋىلىكنى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلاپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، «خەلقئارالىق چوڭ بازار»دەك چوڭ قۇرۇلۇشلارنى سالدى. مىللىي بىناكارلىقىمىز قايتىدىن ئۆزىنى قېزىپ، مىللىي ئۇسلۇبنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر بىناكار ئۇستىلىرى قۇرۇلۇشتا مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىنى زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇبلارنى يارىتىپ، هويلا ـ ئارام ۋە قەۋەتلىك تۇرالغۇ يۇرۇشلەشكەن ئۇيغۇر هويلا ـ ئاراملىرىنى شەكىللەندۈردى.

## پايدىلانمىلار


①غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى 103 ـ بەت.

②مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 508 ـ بەت.

③ مەھمۇد نىزامى: «شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت قارابالاساغۇن شەھىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان.

④ ۋاڭ شۆچۈن: «كروران خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ تارىخىي ئورنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى» 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑤، ⑩، ⑰، ⑱، ⑲، ⑳ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 93 ـ ، 117 ـ ، 251 ـ ، 293 ـ ، 296 ـ بەتلەر.

⑥ فون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىل، 3 ـ سان.

⑦ ، ⑧ فون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، 1989 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە).

⑨«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىل 1 ـ سان.

⑪ لى جىڭۋېي: «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان (خەنزۇچە).

⑫ ، ⑭ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 305 ـ ، 317 ـ بەت.

⑬ ، ⑮ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 420 ـ بەت، 100 ـ بەت، 602 ـ بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپى ماگىستىرانتى)

# ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار




## باۋخان كور

بىزنىڭ سۆيۈنۈش، ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك قىزىقچىلىرىمىزنىڭ يەنە بىرى بۇرھانىدىن خەلپەم ئوغلى باۋخاندۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى شاباباخان بولۇپ، بىر كۆزىنىڭ خىرىلا روشەن قىيسىقى بولغاچقا، خەلق ئىچىدە «كور» دېگەن لەقىمى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ 1895 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان.

باۋخان كور ھېكىمبەگ غوجىنىڭ (جاھانگىر غوجا) ئوردا قىزىقچىسى بولغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھېكىمبەگ غوجا سەنئەتچىلەردىن باۋخان كورنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ساۋۇتكام بېدىنىڭ ناخشىسىنى بەكرەك ياقتۇراتتىكەن. كىچىكىدىن باۋخان كورنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان ئاكا: «قىزىقچىلىقنى باۋخانكام كور، چاقچاقنى غوپۇركام دىڭخولۇ بىلەن زوردۇنكام شىبە قىلسۇن» دەيدۇ. ئاردىمىزدا ساناقلىقلا قالغان شۇ زاماننىڭ ھەغدا شاھىدلىرىمۇ

باۋخان كور توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ۋاراقلاپ: «ئۇنىڭ قىزىقچىلىقتىكى مەشھۇرلۇقى شۇ يەردىكى بىر قىلغان پارىڭىنى ئىككىنچى ياندۇرۇپ قىلمايتتى. پاراڭ قىلغاندا ئادەملەرنىڭ نام ئەمەل دەرىجىسىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى. كۆڭلىگە ياقمىغان ھەرىكەتلەر، كۆزىگە سىغمىغان ئەڭ ئۇششاق ئىشلارغىچە ھېچنەرسە ئۇنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. يەنە بىر تەرىپى غوجام ئوردىسىدا بولغان ئولتۇرۇشلاردا بولسۇن، ياكى باشقا يەرلەردىكى چاي، مەشرەپلەردە بولسۇن، بىر نەپەستە ئۇدا يۈز قېتىم قىزىقچىلىق قىلىپ مېھمانلارنى كۈلدۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى نامايىش قىلاتتى. ناۋادا توقسەن توققۇز قېتىم كۈلدۈرۈپ بىرى كەم قالسا، يەنە قايتىدىن باشلايتتى»، دېيىشىدۇ.

«يۇلتۇز كۆرستىش»، «پۇراپ تېپىش»، «داتاڭغا ئېلىش»قا ئوخشاش ئويۇنلار خەلق قىزىقچىسى باۋخان كورنىڭ ئىجادىيەتلىرىدۇر. بۇ ئويۇنلار بىر ـ بىرىدىن

قىزىق ھەم كۈلكىلىك بولۇپ «يۇلتۇز كۆرسىتىش» دېگىنى سورۇندىكى خالىغان بىرسىنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ، يۇلتۇزنى قولتۇقىدىن كۆرسىتىش باھانىسى بىلەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاپىنىنىڭ يېڭىدىن سۇ قۇيۇۋېتىدىغان؛ «پۇراپ تېپىش» دېگىنى(بۇ ئويۇن قىش كۈنلىرى ئوينىلىدۇ) قۇلاقچىسىنىڭ ئالدىغا قازاننىڭ كۈيىنى سۈركىۋېلىپ، يىتۈپ كەتكەن نەرسىسىنى پۇراپ تېپىش باھانىسى بىلەن چاندۇرماي قارشى تەرەپنىڭ چىرايىنى ئالا ـ پاساق بويىۋېتىدىغان؛ «داتاڭغا ئېلىش» دېگىنى شەڭگەن سىياقىدا ياسىنىۋېلىپ سورۇندىكىلەرنى سوراققا تارتىپ، كۈلكە پەيدا قىلىدىغان ئويۇننىڭ بىر خىل شەكلى. باۋخان كور قىزىقچىلىق قىلىپ كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىدا (بولۇپمۇ داتاڭ سوراقتا) ئاساسەن ھۇرۇنلارنى، ساختىپەز ـ كاززاپلارنى، تەكەببۇر بايلارنى، سۆلەتۋاز بايۋەچچىلەرنى، رىياكار سوپى ـ ئىشانلارنى رەھىمسىزلەرچە ھەجۋىي تىل قامچىسى ئاستىغا ئالاتتى. ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، رۇس، خەنزۇ تىللىرىدا مەستلەرنى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ خىلمۇخىل قىلىقلىرى، مىجەز ۋە ئادەتلىرىنى ھەيياارلىق بىلەن شۇ دەرىجىدە قاملاشتۇرۇپ دوراپتىكى، ئولتۇرغانلار بېقىنلىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشەتتى. باۋخان كور مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا ئۈستىگە ئۇزۇن قارا يەكتەك، بېشىغا قارا شلەپە، پۇتىغا قارا لاتا خەي كىيىپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقاپ يامۇل شەڭگىنىنىڭ سىياقىدا «سوراق ئۇستىلى» ئالدىدا پەيدا بولغاندا ئاددىي شەھەر ئاھالىلىرىدىن تارتىپ، ئەمەلدار ـ تۆرىلەرگىچە ھەممىسى تىترەيتتى. بىر قېتىم ئۇ ئېلىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن دوتىيى تۇداخۇن باينى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن «داتاڭ» سوراققا تارتىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن چىت، تاشچاي، گەزماللارنى ئۈندۈرۈۋالغانلىقى ھازىرمۇ كىشىلەر ئېغىزىدا ھېكايە بولۇپ ئېقىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ داتاڭ سورىقىدىن بىرلا كىشى ـــ غېنى باتۇر قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ غېنى باتۇرنى «داتاڭ» غا تارتىۋاتقاندا غېنى باتۇر كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ تەكەببۇر داتاڭچىنى راستىنلا شەڭگەننىڭ ئۆزىگە ئوخشىتىپ قالدىمۇ ياكى سورۇندىن قىزىقچىلىق چىقىرىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق قىلدىمۇ يېنىدىن ماۋزۇرنى ئېلىپ، قىزىقچىمىزنى تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ «ئاناڭنى... مەن ئېلى تەۋەسىدە گومىنداڭنىڭ تۇخۇمىنى قويمىدىم دېسەم، لاتا خېيىدىن توپا چىقىرىپ نەلەردە قالغان گۆي ماۋۇ» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان پېتى ئوق بىلەن ئۆينىڭ تېمىغا ئۇنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ قويغان» دېگەن گەپمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن غېنى باتۇرنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا مۇنداق قوپال چاقچاقنى قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ھېكىمبەگ غوجامنىڭ نەۋرىسى، پاشا غوجامنىڭ ئوغلى، مۇئەللىپنىڭ ئېلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا بىرگە ئىشلىگەن خىزمەتدىشى ئەزىمخان ئاكا: «باۋخانكامنىڭ خەلق ئىچىدىكى نوپۇزى شۇنداق يۇقىرى بولغاچقا بوۋامۇ، ئەخمەت ئەپەندىملەرمۇ بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلاتتىكەن. بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئەخمەت ئەپەندىم ئالتايغا دەللىقان بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا باۋخانكامنى ئېلىۋالغانىكەن. باۋخانكام دەللىقاننىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر خەلق ھەجۋىي قوشاقلىرىدىن ‹قىرىق يالغان› نى قازاق تىلىدا شۇنداق راۋان، كۈلكىلىك دەپ بېرىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىكەن» دەيدۇ.

«ئېلى ئۇيغۇرلىرى قاراڭغۇ قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى مەشرەپ بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. يېزىلاردا، شەھەرلەردە بايلارنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ مەشرەپلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. مۇنداق مەشرەپلەرگە ھېكىمبەگ غوجام تېخىمۇ ئامراق. كەم سۆز، مۇئامىلىسى سىلىق، خۇشخۇي ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئەتراپىغا شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بايلىرى، ئەمەلدارلىرى، داڭلىق چاقچاقچى، گەپچىلىرى، سازەندە ـ ناخشىچىلىرى توپلىنىدۇ. مەشرەپلەر قىزىپ كېتىدۇ. بۇ خىل مەشرەپلەردە ھەممە ئېلى ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ھۈنەر كۆرسىتىدۇ. چاقچاقچى، قىزىقچىلار قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن غوجامنى كۈلدۈرۈپ ھاياتنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ». باۋخان كورنىڭ ھاياتى مانا شۇنداق يۇرت كاتتىلىرى ئۇيۇشتۇرغان چايلاردا، مەشرەپلەردە بىر ئۆمۈر قىزىقچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن. نۆۋىتىدە ئۇ بايلارنىڭ، ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالغان بولسا، يالاڭتۆش بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئوخشاشلا ئالالايتتى. ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن بەھرىمەن قىلالايتتى. ئۇ چاقچاقتىكى، قىزىقچىلىقتىكى چېۋەر، چاققان، ئۆتكۈرلۈكى، يېڭى، ئىجادىي كۈلدۈرگە ئويۇنلىرى، لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بىلەن يۇرت ئىچىدە ئاجايىپ يۈز تاپقان، شۆھرەت قازانغان ئەقىل ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ لەقەمگە ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ قىلغان چاقچاقلىرىنى شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئانا يۇرت» تىرولوگىيىسىنىڭ 1 ـ توم 9 ـ بابىدىكى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتىن كۆرەلەيمىز. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىر قېتىم غۇلجىدا ئېچىلغان فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىنى كۆرۈۋېتىپ، كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارغا: «مۇنداق يەرگە باۋخانكامدەك ئادەملىرىمىزنىڭ سۈرىتى چوقۇم قويۇلۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئېلىنىڭ قىزىقچىلىق سەنئىتى، چاقچاق مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان كىشى. كېلىچەكتە ئەۋلادلىرىمىز ئەسلەشكە، ياد ئېتىشكە تېگىشلىك مۇھىم تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ بىرى» دېگەنىكەن.

كۇلكە ـ چاقچاقنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئۆتكەن بۇ پېشىۋا قىزىقچىمىز 1956 ـ يىلى 61 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

زوردۇن شىبە

زوردۇن ئاقساقال بىزگە «نۇسرەت» دېگەن فامىلىسى بىلەن سەنئەتچى سۈپىتىدە، «شىبە» دېگەن لەقىمى بىلەن چاقچاقچى، قىزىقچى سۈپىتىدە تونۇش. بىز ئۇنىڭ ساز چېلىش، رول ئېلىش بىلەن ئۆتكەن ئۇزاق يىللىق سەھنە ھاياتىدا سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجى ئۈچۈن سىڭدۇرگەن ئەمگىكىدىن سۆيۈنسەك، زىيادە قىزىقچىلىقى، تېتىملىق، سىڭىشلىق لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ئارقىلىق چاقچاق سەنئىتىمىزنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مۇناسىپ تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىمىز.

زوردۇن شىبە (نۇسرەت) 1904 ـ يىلى غۇلجا شەھەر توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ھەييار ـ دورامچى، قىزىقچى، سازغا ھەۋەسكار بالا بولۇپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىنى قوغلىشىپ، چاي ـ مەشرەپلەرگە ئارىلىشىپ، ئويناپ يۈرۈپ چوڭ بولغان. ساز ئاڭلاپ كۆزى، چاقچاق ئاڭلاپ قۇلىقى پىشقان.

1934 ـ يىلى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا سانائىنەپىسە تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، زوردۇن شىبە سانائىنەپىسەگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى. ئۇستاز يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ 1995 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» ناملىق كىتابىدا زوردۇن شىبە (نۇسرەت) ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ سانائىنەپىسەگە قاتنىشىپ ھاسان تەمبۇر، ھۈسىين تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق مەشھۇر ساز ئۇستىلىرىدىن مۇزىكا ئۆگەنگەن. دۇتار ـ تەمبۇر چېلىشنى پۇختا ئۆگىنىلگەن. خەلق ئاھاڭلىرى، مۇقام نەغمىلىرىنى تەمبۇردە نەپىس ئورۇنداپ، ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. سەھنە ئەسەرلىرىدە سەلبىي روللارنى ئېلىش بىلەن مەشھۇر ئىدى. 30 ـ يىللاردىن ئازادلىقتىن كېيىنگىچە بولغان دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ ئىلى تىياتىرىدىكى ئاساسلىق چالغۇچى، رولچىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ئەينى يىللاردا شۇنچىۋالا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىلى سەھنىلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىمۇ تۆۋەندە زوردۇن نۇسرەتتەك قابىل سازچىلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ئۇ مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردە ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداپ مۇقامچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. زوردۇن نۇسرەت ئىلىدىكى مەشھۇر چاقچاقچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ يەنە كومېدىيىدە قىزىقچىلار رولىنى قاملاشتۇرۇپ ئېلىش ۋە ئۇسسۇللۇق ھەجۋىي نومۇر ‹قارا يورغام› نى ئورۇنداش بىلەن مەشھۇر ئىدى» دەپ يازىدۇ.

ئىلىدىكى تەسىرى بار پېشقەدەم چالغۇچى ھۇسەنجان ھەسەن ئاكا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان، ئۆز زامانىسىدا زوردۇن شىبەدىن ساز ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسقا، مەنىلىك ئەسلىمىلىرى قىزىقچىمىز ئۇستىدىكى چۈشەنچىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ:

— ئۇششاق پەدىلەرگە يامداپ چېلىشنى ئۆگەنگەن سەككىز، ئون ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ، — دەيدۇ ھۇسەنجان ئاكا بىزگە، — ئاكام ھېيتاخۇن سورۇن كۆرۈپ كۆزۈڭ پىشسۇن دەپ، نەگە بارسا مېنى شۇ يەرگە ئېلىۋالاتتى. قوينىڭ ئۇستىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان ئۇ زامانلاردا نەغمە ـ ناۋا، كۇلكە ـ چاقچاق تۇز تەمى بىلەن تەڭشىلىپ شۇنداق چىرايلىق كېلەتتى. كۆزۈمنى يۇمسام يىراقلاردا قالغان كۆڭۈللۈك ئۆتمۈشۈم خىيالىمغا كېلىۋالىدۇ. «باغ سەيلىسى»، «جىرغىلاڭ سەيلىسى»، «زايومكا سەيلىسى»، «ئارشاڭ سەيلىسى»، كۈز ۋە ياز ئايلىرىدىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»، «قوغۇن پىششىقى سەيلىسى»، بايكۆل «ياقۇپ ھاجىنىڭ تاللىقى» دا ئارا كۈندە بىر بولۇپ تۇرىدىغان ئولتۇرۇشلار، قىرغىزلارنىڭ بوز خانىلىرىدىكى زىكرى ـ سۆھبەتلەر... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆتمەيتتى. ئىلىدىكى داڭلىق مۇقامچى، سازەندىلەرنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى، زوردۇنكام شىبە، غوپۇركام دىڭخولۇلارنىڭ ئاجايىپ چاقچاق، مۇھەببەتلىك پاراڭلىرىنى شۇ يەرلەردە كۆپ ئاڭلىغان.

كېيىن زوردۇنكام بىلەن ئىلى تىياتىرىدا بىللە ئىشلەپ قالدىم. سىزگە دېسەم، ئۇ كىشىنىڭ ئەزايى ـ بەدىنىدىن كۇلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۆمرىدە بىرەر ئىشقا چېچىلغان، خاپا بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۆزىمۇ شۇنداق رەتلىك، پاكىز، سەرەمجان يۈرەتتى. ئاز ـ تولا ئىچىپمۇ قوياتتى. سورۇن كۆرۈپ يۈرگەن قايسىبىر ئادەم مۇنداق ئىشتىن خالىي يۈرىدۇ دەيسىز. ئۇنىڭ بىر ياخشى يېرى قىقۋالغان كۈنلىرى تېخىمۇ خۇشخۇي، مۇڭداشقاق بولۇپ كېتەتتى. يولدا ئۇچرىغان ئىتلارغا، كۈچۈكلەرگە، كۆتەك، تېلېگراممىلىرىغا سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ ئۆزدىچىلا پاراڭلىشىپ يۈرگەن ئىشلىرى بىر ھېكايە ئىدى. شۇ زامانلاردا شەھەر ئىچى ناغرىخانىنىڭ يېنىدا ئەختەم ھاپىزنىڭ ئۇستى لەمپىلىك دۇكان ـ سارايلىرى بولىدىغان. زوردۇن مۇپتى، ئاسىپ ئاخۇنۇمغا ئوخشاش شەھەر ئۆلىمالىرى ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلاردا دۇكان ئالدىغا چىقىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۇستىگە زوردۇنكام چالا كەيىپ كەپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھەر بىرىنى بىردىن سۆيۈپ چىقىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

—زوردۇن، ھوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئادەمنى بۇلغىدىڭغۇ ئەمدى، — دېسە، زوردۇنكام:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



—تەقسىرلىرىم، مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ كۆڭلى ئەسلىي يازدۇر قىش بولماس، مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى دائىم قىشتۇر ياز بولماس—دەپ كۈلدۈرۈۋەتكەنىكەن.

زوردۇنكامنىڭ سەنئەتچى ئابدۇنەبىكام بىلەن سوقۇشقان ئىشى تېخىمۇ قىزىق. قانداق بولغان، بىر قېتىم ئۇ ئىككىسى سەن ـ پەن دېيىشىپ قاپتۇ. ئابدۇنەبىكام: «ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم» دەيدىكەن، زوردۇنكام تۇتۇشۇپ قالسا تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ: «ئۇرۇشساق ئۇرۇشتۇق» دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. خەيرىيەت، ئۇلار يەكمۇيەك ئېلىشىش ئۈچۈن «خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى» نىڭ شىمالىدىكى ئوچۇقچىلىققا چىقىشىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئىككى تەرەپ ئۇرۇشماقچى بولسا رىم مەيدانىدىكى گىلادىئاتورلاردەك كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلايدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشىپتۇ. ئابدۇنەبىكام ھەممە نېمىسىنى سېلىپ تاشلاپ، كالتە ئىشتىنى بىلەنلا قاپتۇ. بىراق زوردۇنكام ئۇستىلىق ئىشلىتىپ كىيىملىرىنى سالغان بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ پۇرسەتتە ئۇ ئابدۇنەبىكامنىڭ كىيىملىرىنى سىيرىپلا ئاپتۇ ـ دە، پۇرام قېچىپتۇ. ئابدۇنەبىكام قوغلاپ قاپتۇ، قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ يېتىشەلمەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قوغلاۋېرىپ، بىر چاغدا گىمنازىيىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقىپ قاپتۇ. يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئابدۇنەبىكامغا قاراپ كۈلۈشۈۋاتقان، بۇ ئىشتىن قاتتىق خىجىل بولغان ئابدۇنەبىكام ئېسىنى يىغىپ، ئالدىدا پۇلاڭلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان زوردۇنكامغا قاراپ جىنىنىڭ بارىچە توۋلاپتۇ:

—هاي زوردۇن، كىيىمىمنى بېرىۋەت، بولدى سەندىن يېڭىلدىم، ئىككىنچى سەن بىلەن ئۇرۇشمايمەن، گېپىم گەپ، ئۇرۇشمايمەن...

كېيىن بۇ ئىش ئېغىزدىن ئېغىزغا تارىلىپ خېلى يىللارغىچە سورۇنلاردا، كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ قىزىق تېمىسى بولۇپ كەلدى. ئابدۇنەبىكام ئۆزى: «شۇ قېتىم زوردۇن مېنى شۇنداق بىر ساپلىۋەتكەن، ئۇنىڭ چاقچىقى قوپال كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا سەنئەتنىڭ كۈچىنى تەن ئالمىساق بولمايدۇ ـ دە» دېگەنىدى.

زوردۇن شىبە (نوسرەت) ھەرقانداق خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئۇرۇش ـ جېدەللەرنى بىردەمدىلا چاقچاققا، كۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىغان، تولغان يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتى، ئاجايىپ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ئارقىلىق ھاياتقا، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئۈمىد، ئىشەنچ، خۇشاللىق بېغىشلاپ كەلگەن بىر خەلق قىزىقچىسى، سەنئەتچىسى ئىدى. ئۇ يەنە خەلق ئىچىدە يېتىلگەن چالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئانارخان» غا ئوخشاش مۇڭلۇق، يېقىملىق، جەزبىدار ئاھاڭلارنى ئىشلەپ، خەلق سەنئىتىمىزنىڭ بۈگۈنى، شۇنداقلا كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. سەنئەتنىڭ كۆپ خىل خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ تەۋەررۈك ئۇستاز 1975 ـ يىلى 71 يېشىدا غۇلجا شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

### غوپۇر دىڭخولۇ

قولىمىزدا غوپۇر دىڭخولۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىيال خېلىلا كەم. چۈنكى ئۇ 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غۇلجا تۇرمۇشىدىن غايىب بولغان. تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئاجايىپ بولىدۇ. بەزىدە سېنى كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ماكانىڭدىن يۇلۇپ ئېلىپ يىراقلارغا، ئۆمرۈڭدە كۆرۈپ ھەم ئويلاپمۇ باقمىغان يەرلەرگە تاشلىۋېتىپ قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا بىز تەقدىرنىڭ قولىدىكى سالغا تېشىغا ئوخشايمىز. نەزەرىمىزدىكى بۇ ئەتىۋارلىق «سالغا تېشى» 1958 ـ يىلى تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن قاڭقىپ چىقىپ قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا دېگەن يېرىگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ پېروتكا خوتۇنى خالدەنى ئېلىپ (ئۇيغۇرچە ئىسمى خالىدە ئىدى) ئالمۇئاتاغا چىقىپ كەتكەن ۋاقتى تازا قىرانىغا تولغان، چاقچاقتا، قىزىقچىلىقتا ۋايىغا يەتكەن چاغلىرى ئىدى. ئۇ يەنە تەمبۇر ۋە چاڭ چېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن كۆپكە تونۇلغان چالغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ ئالمۇئاتاغا شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. تاكى 1992 ـ يىلى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۆز يۇرتىغا بىر كېلىپ كېتىش زادىلا نېسىپ بولمىدى. نېسىپ بولمىغاچقا ئۇنىڭ ئۇ تەرەپتە ئۆتكەن 30 نەچچە يىللىق ھاياتىدىن، كېيىنكى يېرىم ئۆمرىدە سورۇنلارنى ئاۋات، كۆڭۈللەرنى ناۋات قىلغان دۇردانە لەتىپە ـ چاقچاقلىرىدىن بىراقلا خەۋەرسىز قالدۇق.

ئۇستاز يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» ناملىق كىتابىدىن غوپۇر دىڭخولۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە توۋەندىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز: «غوپۇر يۇسۇپ قادىر ھاجىيوف 1916 ـ يىلى چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسايدىغان قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى دۇتار، تەمبۇر، چاڭ، راۋاب، ناغرا، سۇناي، نەي دېگەندەك خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايتتى. ئۇ ئۆز ئوغلى غوپۇرغىمۇ مۇزىكا جەھەتتىن دەسلەپكى دەرسلەرنى بەرگەن. غوپۇر يۇسۇپ ھەر خىل مۇزىكىلارنى چېلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ تەمبۇر چېلىشتا كىچىكىدىن ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان. كېيىن ئۇ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، غۇلجىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. بۇ سەنئەت ئوچىقىدا ئۇ ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، تېيىپ غېجەك قاتارلىق شۆھرەتلىك نەغمىچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇقامچىلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

غوپۇر يۇسۇپ 1958 ـ يىلى قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىپ، ئالمۇئاتادىكى رېسپوبلىكىلىق ئۇيغۇرلار مۇزىكا ـ كومېدىيە تىياتىرىدا ئىشلىدى ۋە تىياتىرنىڭ باشلامچى سازەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ بىر نەچچە

ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئون ئىككى مۇقامنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمەتلىرىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى».

غوپۇر دىڭخولۇ ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان ئاكا ھەققىي ئېتىراپ قىلىدىغان مەشھۇر چاچما چاقچاق ئۇستىلىرىدىن ئىدى. ئۇ: «كۆڭلۈمگە چاقچاقنىڭ ئوتىنى غوپۇركام دىڭخولۇ بىلەن زوردۇنكام شىبە سالغان، بولۇپمۇ غوپۇركامنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلىسام بەدەن ـ بەدەنلىرىم كۆلۈپ كېتەتتى. چاقچاقنىڭ ئانىسى چاچما چاقچاق، ئۇ چاچما چاقچاققا كەلگەندە كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىلىرىدىن ئىدى. گەپ دېگەننى شۇنداق تېز، راۋان، ئېنىق، ئوبرازلىق، كۆلكىلىك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ چاقچاق قىلىش سەنئىتىگە ئاشىق ئىدىم. غوپۇركام سورۇنلاردا پەيدا بولسا، ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنى ئايلاندۇرۇپ تازا بىر ئوخشىتىۋېتىپ، دۇررىدە كۆلكە قوزغىۋەتكەندىن كېيىن سازنى قولىغا ئېلىپ سازلايتتى ـ دە، تەمبۇرنىڭ دەستىسىگە ‹بۇلبۇل قوندۇراتتى›» دەيدۇ.

غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللىدىكى ئۆمرى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۆتكەن كۆپكە قادىر پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى سەلەيكام ئاقساقالمۇ (قار ياغدى): «غوپۇر دىڭخولۇنىڭ تېز ئاتارلىقىغا گەپ سىغمايتتى، ساز بىلەن ناخشا ھەرقانچە قىزىدى دېگەن بىلەن ئۇ بارمىغان توي، ئۇ قاتناشمىغان ئولتۇرۇشلارنىڭ پەركايى ئۇچاتتى» دەيدۇ.

1983 ـ يىلى ئالمۇتادىكى قازاقستان س س س ر ناۋكا نەشرىياتى نەشر قىلغان، قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا غوپۇر دىڭخولۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، غوپۇر دىڭخولۇنىڭ ئىلى ۋە ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر سەنئىتى شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى قانچە چوڭ بولسا چاقچاقچىلىق سەنئىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسىمۇ شۇنچە چوڭ ئىدى.

* * *

ئىلى دىيارىدا ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان. بۇ مۇنبەت زېمىندا ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەل مەنىۋى مۇھىتىدا ياشىغان يۇقىرىقىدەك كۆلكە چولپانلىرىمىزدىن باشقا يەنە كىشىلىك پەزىلىتى دۇرۇس، چاقچاقچىلىق ئىستىلى ساغلام، ھوسۇلى مول بولغان قۇربان، ئىسمايىل، تۇرسۇن تېيىپ، جانى يولداشوپ، نىياز دۇتارچى، ئەمىردىن ھاپىز، نودەربەگ موزدۇز، ئاقتېيىپ، مەنسۇر ئاقساقال، ئابابەكرى بەگلەر، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىبىلايۇزى بازىرىدىن سىدىق بۆگەن، تۇرسۇنكام تاز، پالۋانكام، ھاجى كالا، چاپچالنىڭ قاينۇق يېزىسىدىن جانباي، تالىپ، بايان، مەينۇن، بايدىن، دانىخان، كەكەخۇن، ھەسەنجانغا ئوخشاش ئاجايىپ دانا سۆز ئۇستىلىرى، چاقچاقچى، قىزىقچىلار ياشاپ ئۆتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسى نادىروپ ئاكىمۇ كۆپ ئىچىدە نامى بار ھەييار، چاقچاقچى ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بەكلا كەم بولغاچقا ھەر بىرىنىڭ تەرجىمىھالى ئۈستىدە ئايرىم قەلەم تەۋرىتىشكە ئامالسىز قالدۇق. ماقالىمىز قىزىقچى، لاپچى، لەتىپە ـ چاقچاقچىلارنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغاچقا ھازىرچە قەلىمىمىزنىڭ ئىختىيارىنى داستانچى، قوشاقچى، ھەجۋىي قوشاقچىلارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ تۇردۇق. تۆۋەندىكى ماقالىمىزدە مەخسۇس توختالغان كۆلكە چولپانلىرىمىزنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئاز بىر قىسىم لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمىز.

## چاقچاقلار

(باۋخان كور، زوردۇن شىبە، غوپۇر دىڭخولۇلارنىڭ تەپەككۇرى) ئاستىدا

### چۈش تەبىرى

باۋخان كور بىر قېتىملىق سەپەر ئۈستىدىكى كەچمىشلىرىنى چۈشكە يۆلەپ، مۇنداق قىزىقچىلىق قىلاتتى:

— بىر قانچە بۇرادەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ قالدۇق. يول يۈردۇق، يول يۈردۇق، يول يۈرگەندە چۆل يۈردۇق، چۆل يۈرسەكمۇ مول يۈردۇق. يۈردۇق ـ يۈردۇق چارچىدۇق. ئېرىپ بىر كاتتا چىنارنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قالدۇق. يېنىمغا شۇنداق ئاغدۇرۇلسام، چۈشۈمدە بىر زەمبىلگە ئايلىنىپ قاپتۇدەكمەن. بىرسى مېنى ئىككى تەڭگىگە سېتىۋېلىپ ئىككى مەدىكارغا تۇتقۇزۇپ، پاتمانلاپ ئەخلەتنى ئىچىمگە سېلىپ، چايقاۋېرىپ ـ چايقاۋېرىپ باغلىرىمنى ئۈزۈۋۈم تاشلىدى. بۇ بولمايدىغان ئىشكەن دەپ، بۇ يېنىمغا ئاغدۇرۇلدۇم، قارىسام كاتتا بىر قۇلۇپ بولۇپ قاپتىمەن. بىر دۇكاندار مېنى سېتىۋېلىپ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىگە سېلىپ قويدى. تۈن يېرىمىدا قىرىق قاراقچى كېلىپ بۇ يېنىمغا كىلىتنى (ئاچقۇچ) سېلىپ بۇرىدى. ئېچىلمىدىم، ئۇ يېنىمغا كىلىتنى سېلىپ بۇرىدى، ئېچىلمىدىم. بىر چاغدا قاراقچىلارنىڭ قۇر بېشى يېتىپ كەلدى ـ دە، كاتتا بىر كىلىتنى نەپەس يولۇمغا نىقتاپ سېلىپ، تولغاپ ـ تولغاپ ئىچ قارنىمنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بۇ ئوقەتمۇ بولمايدىكەن، دەپ ئۇ يېنىمغا ئاغدۇرۇلسام، ئۆرىقتا ئايلىنىپ قاپتىمەن. بىرسى مېنى تۆت تەڭگىگە سېتىۋېلىپ، ئىچىمگە تولدۇرۇپ سۇ توشقۇزۇپ خالاخانىگە قويۇپ قويدى. ئۇمۇ كېلىپ كوڭكىسىنى يۇيۇپ، بۇمۇ كېلىپ كوڭكىسىنى چايقاپ، ئارامىمنى قويمىدى. بىر كۈنى بىر شوپۇر كېلىپ كوڭكىسىنى يۇيىمەن

www.uyghurkitap.com

دەپ، بوينۇمنى ئۇزۇپ قويدى. بۇمۇ بولمايدىكەن، دەپ بۇ يېنىمغا ئاغدۇرۇلۇۋىدىم، ساماۋەر بولۇپ قاپتىمەن. بىر ئادەم مېنى 30 تەڭگىگە سېتىۋالدى. ئىچىمگە ئوتنى، تېشىمغا سۇنى توشقۇزۇپ پورتۇقلىتىپ قاينىتىۋېرىپ، كۆتۈمنى تېشىپ قويدى. بۇمۇ بولمايدىكەن، دەپ ئۇ يېنىمغا ئاغدۇرۇلدۇم، قارىسام بىر هارۋىنىڭ گۇپچەگى (بۇلى) بولۇپ قاپتىمەن. بىر ياغاچچى مېنى بەش تەڭگىگە سېتىۋېلىپ 32 يېرىمدىن تېشىپ، 32 گۇگۇسۇنى قېقىپ، كاتتا بىر هارۋا قىلىپ قويدى. هارۋىكەش بىر كۈنى ئۈستۈمگە چارەك ـ چارەك مال بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇزاققا سوزۇلغان كارۋان يولىدا ۋايجانلاپ كېتىۋاتسام بىر ساماۋەرچى ساماۋەرخانىدىن بېشىنى چىقىرىپ: «ئۆيۈڭ كۆيسۇن هارۋىكەش، كېكىرتىكىڭنى مايلىغىچە هارۋاڭنى مايلىساڭ بولماسمىدى؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم: «مايسىراپ كېتىپ ۋايجانلىغىنىم يوق، ئوق كاتتا، ئۆزۈم كىچىك بولغاچقا بېسىمغا چىدىماي قاقشاۋاتىمەن». بۇمۇ قاملاشمىدى، دەپ بۇ يېنىمغا ئاغدۇرۇلسام، بوياقچىنىڭ كاتتا بىر كۈپىغا ئايلىنىپ قاپتىمەن. بوياقچىمۇ كۆڭلى قارا ئەبلەخكەن. 32 گەز كېلىدىغان گەزمالنى ئىچىمگە سېلىپ، بويىقىنى ئۈستۈمدىن قۇيۇپ، بىر غۇلاچ كېلىدىغان خادىسى بىلەن شالاق ـ شۇلۇق، شالاق ـ شۇلۇق قىلىپ قارنىمنى قوچۇغلى تۇردى. بىر چاغدا ئازابلىق نالە ئىچىدە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن».

## باپلاش

ـــ ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان دېگەن يېرىدە، ـ دەپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ باۋخان كور يەنە، ـ «ساختىپەزلەر مەهەللىسى» دېگەن بىر مەهەللە بولغانىكەن. مەهەللە مەسچىتىدە زادىلا ئىمام توختىمايدىكەن. ئادەملىرى ساختا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىتنە ـ ئىغۋا ئاۋۇپ كەتكەچكە، هەر قېتىم كەلگەن ئىمام ئۇزۇنغا قالماي كېتىپ قالىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نامى بار بىر كازراپ «ساختىپەز مەهەللە» نىڭ ئادەملىرىنى راسا بىر باپلىماقچى بولۇپ ئەنجان تەرەپكە ئۆتۈپتۇ ـ دە، هېلىقى مەسچىتكە ئىمامەتچىلىك قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئىمامەتچىلىك قىلىشتىن ئاۋۋال مەهەللە جامائىتىگە شەرت قويۇپتۇ:

ـــ مەن، ـ دەپتۇ ئۇ جامائەتكە جاكارلاپ، ـ ئىمامەتچىلىك قىلىمەن، ئەمما توختام بىلەن قىلىمەن.

ـــ تەلىپىڭ نېمە؟

ـــ پۇلغا قىلىمەن.

ـــ چاتاق يوق، ـــ دەپ ئۇنى قېتىپتۇ جامائەت.

ـــ ئايلىقىم مانچە تەڭگە، يىللىقىم پالانى تەڭگە بولىدۇ.

ـــ ئۇنىڭدىمۇ گەپ يوق.

شۇنداق قىلىپ كازراپ ئۇلار بىلەن كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ئىشنى باشلاپتۇ. كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ساختىپەز مەهەللە» نىڭ ئادەملىرى ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپتۇ. ئۇلار ئىمامغا پۇل بېرىشتە يوق ئەكسىچە ئۇنى غاجاپ، ئارامىنى بۇزغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ هالنى كۈتۈپ تۇرغان كازراپ، بىر كۈنى ئۇلارنى باپلاشنىڭ شۇنداق بىر هىيلىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ. ئۇ جۈمە نامىزىغا توغرىلاپ ئەدىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ ـ دە، ناماز ئوقۇلۇشتىن ئاۋۋال جامائەتكە شۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئاڭلىسام كۆپچىلىك، ئاراڭلاردا ئىمام قۇلاق قېقىشتىن ئاۋۋال سەجدىگە كېتىدىغان، ئىمامدىن بۇرۇن سەجدىدىن تۇرۇۋالىدىغان شەرىئەت ئىشلىرىغا مۇخالىپ ئەهۋاللار بار ئىكەن. مۇشۇ توغرۇلۇق سىلەردىن قەسەم ئېلىۋالمىسام مۇنداق ئىمامەتچىلىكنى قىلمايمەن.

ـــ نېمە دەپ قەسەم ئالىدىلا ئىمام ئاخۇنۇم، ـــ دەپ سوراپتۇ جامائەت.

ـــ ئىمام بەلگە بەرمەي تۇرۇپ سەجدىگە بارمايمىز ياكى قوپمايمىز. ناۋادا شۇنداق قىلساق ئۆزىمىز كاپىر، خوتۇنىمىز ئۈچ تالاق، دەيسىلەر ـــ دەپ قەسەم ئېلىۋاپتۇ.

ـــ ئىمام ئاخۇنۇم بىرىنچى رەكئەت نامازنى كۈندىكىدەك ئوقۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئىككىنچى رەكئەت نامازغا كەلگەندە سەجدىگە بېرىۋېلىپ قوپمايلا يېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن جامائەت:

ـــ ئىمام ئاخۇنۇم، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتتى، نېمانداق قوپمايلا؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئىمامئاخۇنۇم سەجدىدىن بېشىنى ئالماي تۇرۇپ:

ـــ ماڭا ۋەدە قىلغان پۇلنى تولۇقى بىلەن مېھراپنىڭ ئالدىغا تەق قىلمىساڭلار، دەۋر قىيامەتكىچە تۇرمايمەن ـــ دەپتۇ.

ئىش چىڭىغا چىقىپتۇ. ئىمامغا بەرگەن قەسەمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورققان جامائەت سەجدىدىن باش كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي يېتىۋېرىپتۇ. بىرلىرى ئىشقا، بىرلىرى دۇكانغا، يەنە بىرلىرى سودا ـ سېتىققا ئالدىرايدىكەن. ئالدىرىغانلار قانچە جورىسىمۇ ئىمامغا كار قىلماپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ تەلىيىگە مەلۇم بىرەيلەن مەسچىتكە كېچىكىپ كىرىپ كەپتۇ. تاقىلدىغان ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىغان نامازخانلار بېشىنى كۆتۈرمەي تەڭلا:

ـــ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسچىتكە ئاياغ باسما، كەينىگە يان، دەرهال بېرىپ ئىمامنىڭ نېسى قالغان نەچچە يىللىق راستخوتنى ئېلىپ كەل، خۇدا هەققى بىر سىنىتمۇ كەم قالمىسۇن، بولمىسا ئىشىمىز چاتاق ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

هېلىقى نامازخان پۇسۇرلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۇلار دېگەن پۇلنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىمام سىياقىغا كىرىۋالغان كازراپ، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان «ساختىپەز مەهەللە»نىڭ ئادەملىرىنى تازا كېلىشتۈرۈپ باپلىۋاپتۇ.

## كۆز تۇغقان

باۋخان كور بىلەن ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كۆزلىرى

سەل ـ پەل سىڭايان بولىغاچقىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ لەقىمىنى تىلغا ئېلىپ پات ـ پات چاقچاق قىلىشىپ قويىدىكەن.

بىر يىلى ھېيتتا باۋخان كور ئەخمەتجان ئەپەندىملەرنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بېرىپتۇ. بېرىپتۇيۇ، ئۆيگە كىرمەي تۇرۇۋاپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم:

—ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ مەخسۇمكا ① ؟— دەپ سوراپتۇ.

—قويىڭا سىزنى— دەپتۇ باۋخان كور ئەپەندىمدىن رەنجىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،—ئەخمەتجان، ئەخمەتجان دەپ قويساق بىزگە كالتە قوشۇقنىڭ سېپى چاغلىق نەرسىنى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز، باشقىلارغۇ مەيلى، بىلسىڭىز ئىككىمىز كۆز تۇغقان جۇمۇڭ.

**بىر چالمىدا ئىككى پاختەك**

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە باۋخان كور بىر ماشىنا ئالمىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇ. ئەخمەتجان ئەپەندىمنى تەستە ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەپەندىم:

—سىزنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن مەخسۇمكا، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى بۇ تەرەپكە؟—دەپ سوراپتۇ.

—جان باقماق تەس بولۇپ كەتتى ئەپەندىم، — دەپ چاقچاق قىپتۇ باۋخان كور،—ئۆزلىرى بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋالدىلا، بىشىمىزنى سىيلاپ قويامدىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق.

باۋخان كورنىڭ تۇرمۇشنى ياخشى چۈشىنىدىغان ئەخمەتجان ئەپەندىم ئىشخانا راستخوتىدىن يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ دەپتۇ:

—خوش مەخسۇمكا، غۇلجىغا قاچان قايتاي دەۋاتىدىلا؟

— قايتىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدىلىغۇ ئەپەندىم، يەنە بار تېخى.

—ھە، ھە، دەۋەرسىلە؟

—غۇلجىدىن بىر ماشىنا چاقچاق ئېلىپ كېلىۋېدىم،— دەپتۇ باۋخان كور—سايىلىرىدە شۇنى بىر سۇ قىلىۋالسام دەيمەنغۇ.

ئەپەندىم، باۋخان كورنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپتۇ:

—سۇ قىلىشنىغۇ قىلارمىز، لېكىن ئۇنىڭ يولىنى مەن بىلمىسەم.

—قىزىق ئىكەنلا ئەپەندىم،—دەپتۇ ئۇ،—ئالدىغان يەرگە ئاپىرىپ، بىر كۆزلىرىنى قىسىپ قويسىلا پۈتمىدىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىگە كۆز قىسىپ ئاۋارە بولۇش كەتمەيدۇ.

ئەخمەتجان ئەپەندىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ماشىنىدىكى ئالمىنى توپ ئېلىش ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. باۋخان كورمۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارغان ئالمىسىنى سالامەت سېتىۋاپتۇ.

**كونسۇل ئەپەندىم...**

ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باردى ـ كەلدىسى خېلى قويۇق ئۆتكەنىكەن. ئىككى تەرەپ گېزى كەلگەندە بىر ـ بىرىنى چايغا، مېھمانغا چاقىرىپ تۇرۇشىدىكەن.

بىر يىلى سوۋېت كونسۇلى ھېكىمبەگ غوجىلارنى چايغا چاقىرىپتۇ. داستىخاننى شۇنداق مول قىپتۇ. ساھىبخان ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئالدىدا:

—ماۋۇ سوۋېتنىڭ پېچىنە ـ پىرەنىكى، ماۋۇ شاكىلاتى، ماۋۇ بولسا بالقاش كۆلىنىڭ بېلىقى.— دەپ ماختانغىلى تۇرۇپتۇ. ھېكىمبەگ غوجا:

—تەقسىر، سىز دېگەن مۇنۇ بېلىق بىزنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ ئەمەسمۇ،—دېسە، كونسۇل:

—ياق، ياق، بۇ دېگەن بالقاش كۆلىنىڭ بېلىقى،— دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

—كونسۇل ئەپەندىم،—دەپتۇ ھېكىمبەگ غوجىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باۋخان كور بۇ گەپنى ئاڭلاپ،—شۇنىڭدىن قارىغاندا بېلىقلارغىمۇ پاسپورت تارقىتىۋەتتىڭلارمۇ نېمە؟

كونسۇل لام ـ جىم دېيەلمەي قاپتۇ.

**تۆۋەنلىسەڭ...**

ھېسام، ئۇستازى زوردۇن شىبە، غوپۇر دىڭخۇلۇلار بىلەن پات ـ پات لەقەملىك چاقچاق قىلىشىپ قويىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ زوردۇن شىبەنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ، بېگىز بارمىقىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ سوراپتۇ:

—زوردۇنكا، مۇشۇنداق ماڭسا يەتتە سۇمۇلغا ① بارامدۇ؟

زوردۇن شىبە دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

—سەل تۆۋەنلىسەڭ ئۈچ سۇمۇلغا بارىسەن.

**تاغدىن سوئالغا، باغدىن جاۋاب**

زوردۇن شىبە قاسساپ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، قولىدا كەتمەن سېپى، قاسساپ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ھېسام چاقچاق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپتۇ:

—زوردۇنكا، چاپچالغا ماڭدىڭىزمۇ نېمە؟

—ھېسامدىنمۇ سەن؟— دەپتۇ زوردۇن شىبە گەپنى ھېسامنىڭ ئاراش چىشلىرىغا يۆتكەپ،—چىش كوچىلايدىغان ياغىچلىق ئەجەب كىچىككىنا؟!

---

①مەخسۇم ـ باۋخان كورنىڭ خەلق ئىچىدە ئاتىلىشى.

MIRAS

uyghurkitap.com



**ئاشقازىنىڭىزنى سېتىۋېتىپ...**

زوردۇن شىبەنىڭ بەختىنسا دەپ بىر خىزمەتدىشى بار بولۇپ، دائىم ئاشقازىنى ئۇستىدىن دادلاپ بېرىدىكەن:

—قارالڭ زوردۇنكا، مۇشۇ ئەمدى، ئاشقازىنىمنىڭ دەردى بارمۇ بىلمىدىم. تاماقنىمۇ يەيمەن، ياندۇرىمەن، شۇنداق مۇجۇپ ئاغرىيدىغان بولسا...

—بۇ بولماپتىغۇ سىڭلىم،—دەپ تەسەللى بېرىپتۇ بىر كۈنى زوردۇن شىبە ئۇنىڭغا، — كارغا يارىمىغان مۇنداق ئاشقازاننى سېتىۋېتىپ، ئۇبدانراق قوم قازاندىن بىرنى ئېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ.

**مازارغوجاملىق بولغاچقا**

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پوپاگراق بىر ئاداش ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقىنىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئۈچرىغانلا ئادەمگە ماختىنىپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ:

—قاراڭلار خالايىق، ئوق دېگەنمۇ نەدىكى توخۇ يۈرەك ئادەمگە تېگىدىكەن. مانا بىزغۇ، ۋاژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىمىز، بىر قېتىممۇ يارىلانمىدۇق،—دەپ پو ئېتىۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە زوردۇن شىبە كېلىپ قاپتۇ.

—مازارغوجاملىق بولغاچقا،—دەپ كۈلۈپتۇ ئۇ،—ئاپاڭ پۇتۇپ بەرگەن تۇمارلىق بار - دە، شۇڭا ساڭا ئوق تەگمەيدۇ.

**ئۆلتۈرۈش يوق، قوپۇش يوق**

بىرسى زوردۇن شىبەدىن سوراپتۇ:

—زوردۇنكا هوي، نامازنىڭ ئەڭ ئېسىلى قايسى؟

—مېيىت نامىزى،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زوردۇن شىبە.

—نېمىشقا دەيسەن؟

—ئۆلتۈردۈك يوق، قوپتىڭ يوق، ئۆرە تۇرۇپلا قايتىسەن.

**يامان كۆزدىن تاشقىرى**

بىر يىلى كۈزدە زوردۇن شىبەلەر ئايرودروم تەرەپكە كۆچەت قويغىلى چىقىپتۇ. ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەر قىلىنغان شۇ قېتىمقى كۆچەت تىكىش ئەمگىكىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىر چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزلىرىگە يېقىنلا يەردە چاقچاق، قىقاس - چۇقانلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئىشلەۋاتقان زوردۇن شىبەلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم زوردۇنكا، كۈلكىڭلارنىڭ پەيزى بارغۇ، نېمە تىكىۋاتىسلەر بۇ يەرگە؟—دەپ سوراپتۇ.

—گىرىپ ژارژاپ ①.

—ئاڭلىساق،—دەپتۇ ئەخمەتجان قاسىمى زوردۇن شىبەنىڭ لەقىمىگە دارىتمىلاپ،—چاپچالدا بۇ يىل قوغۇن - تاۋۇز ئوخشىدى دەيدۇ، قانداقراق؟

—ئوخشىشىدا گەپ يوق،—دەپتۇ زوردۇن شىبەمۇ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ «قارىغۇ» دېگەن لەقىمىگە ئىشارە قىلىپ—ئىشقىلىپ يامان كۆزدىن تاشقىرى ئەپەندىم.

**جىرىم غاجىلايدىغان**

خوتۇندىن تەلىيى كەلمىگەن غوپۇر دىڭخولۇ ياشلا بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋېلىپ كىشلەرنىڭ ئالدىدا: «ئۆيۈمگە پەرىشتە كىردى، پەرىشتە» دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ. ماختىنىپتىيۇ، ئۇزۇنغا بارماي ھېلىقى چوكاننى ئۆيىدىن قوغلىۋېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېسام بىر كۈنى غوپۇر دىڭخولۇنى يولدا ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

—غوپۇركا هوي، پەرىشتىنى نەگە قىلدىڭىز؟

—بالام ھېسام،—دەپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ—ھېچكىمگە تىنما، ساڭا دەۋاتىمەن، ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھېلىقى پەرىشتە سىرتتا جىرىم غاجىلايدىغان چىقىپ قالدى.

**جىن سىزدىن قورقمىسا...**

ئاتالمىش پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە ئىلى تىياتىرخانىسىدىكىلەر كونەسىنىڭ ئارالتۆپە دېگەن يېرىگە تاش چوقۇغلى چىقىپتۇ. كۈندۈزى ئىشلەيدىكەن، كەچتە ئۆزلىرى تىككەن چېدىرلاردا يېتىپ قالىدىكەن. ئۈمەك تەركىبىدە ئامىنە قادىر دەپ سەترەك بىر ئارتىس بار بولۇپ، بۇ ئايال ئۆمرىدە چېدىر دېگەندەك نەرسىلەردە يېتىپ باقمىغاچقا كېچىچە قارا بېسىپ، ئۇخلىيالماي چىقىدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئامىنە قادىر غوپۇر دىڭخولۇلارنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—غوپۇركا، هوي غوپۇركا؟—دەپ تۇۋلاپتۇ.

—كىم؟

—مەن، ئامىنە قادىر.

—ھە، نېمە گەپ؟

—كۆزۈمگە جىن كۆرۈنۈپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن،—دەپتۇ ئامىنە قادىر.

—قورقماڭ سىڭلىم،—دەپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ ئۇنىڭغا كۈچ ۋە مەدەت بېرىپ،—جىن سىزدىن قورقمىسىلا سىز جىنىدىن قورقماي يېتىۋېرىڭ.

**قارىسام ئالدىراشكەن**

تۇرسۇن تېيىپنىڭ لەقىمى «خور - خور» ئىكەن. بىر يىلى ئىلى تىياتىرخانىسىنىڭ قورۇسىدا ئىككى خور - خور زىنگىزلىك بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن غوپۇر دىڭخولۇنىڭ شەيتىنى تۇتۇپ، ئالايتەن كىرىپ تۇرسۇن تېيىپنى ئىشخانىسىدىن چاقىرىپ چىقىپتۇ - دە، كۆرسىتىپتۇ:

—قارا تۇرسۇن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ كېلىپ قاپتۇ، ھالىنى سوراپ قوي، نېمە دەيدىكىن؟

—قارىسام ئالدىراشكەن،—دەپتۇ تۇرسۇن تېيىپمۇ بوش كەلمەي،—دىڭخولۇغا پىلىك ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

---

① يەتتە سۇمۇل - چاپچال ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا.

## ئېلىنگلارۇي خالايىق

ئىلى تىياتىرخانىسىغا يېڭى بىر باشلىق يۆتكىلىپ كەپتۇ. باشلىقنىڭ ناچار بىر ئادىتى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن خىزمەتچىلەرنىڭ ماڭاشىنى كۇلاپ، زادىلا ئارام بەرمەيدىكەن. بىر قېتىم ئۇ سىرتتا بولغان بىر ئەمگەكتە ئىداردە گۇرجەك يوق، بازاردىن سېتىۋاپتۇ. چاتاق يېرى كەلگۈلۈك يەنىلا ماڭاشقا كەپتۇ. ئۆمەك باشلىقى ئەمگەك تۈگىگەندىن كېيىن، ماڭاشتىن تۇتۇۋېلىش ھېسابىغا ھەر بىر خىزمەتچىگە بىردىن گۇرجەك تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك قاتتىق نارازى بوپتۇ. ئۇلار ئالمايمىز دېسە ئالمايمىز دېيىشىپ تازا چۇقان قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە غوپۇر دىڭخولۇ كېلىپ قاپتۇ:

—ئېلىنگلارۇي خالايىق،—دەپتۇ ئۇ باشلىققا ئاگلىتىپ تۇرۇپ،—ئىلگىرىكى باشلىقلىرىمىز شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشقا يارىمىغان. بۇ باشلىقىمىزغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. كېلىپلا بىزنى بىردىن گۇرجەكلىك قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇرجەك دېگەن دائىم لازىم بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە. مىسالەن، ئىسرىق- پىسرىق سالىدىغانغا، باللارنىڭ تەرىتىنى ئالىدىغانغا دېگەندەك.

## سەن تالادا ناخشا ئېيتساڭ

سىمازا دەپ بىر تۈگىگان كىشى پات- پاتلا غوپۇر دىڭخولۇلارنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى توۋلاپ ئۆتۈپ قالىدىكەن. ئۇيغۇرچىگە چالا ساۋات بۇ كىشىنىڭ بىردە «لەيلۇن»، بىردە «خانلەيلۇن»نى بۇزۇپ ئېيتىشىدىن ئىچى پۇشۇپ كەتكەن غوپۇر دىڭخولۇ بىر كۈنى ناخشا توۋلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سىمازىنى توختىتىۋېلىپ دەپتۇ:

— ھەي سىمازا، سىمازا، سەن تالادا ناخشا ئېيتسا، ئۆيدە تۇرۇپ مەندە يۈز قالمىدىغۇ شۇ.

شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ناخشا توۋلاپ ئۆتمەيدىغان بوپتۇ.

## ئىسىم نەرخى

غوپۇر دىڭخولۇ ئالمۇئاتاغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىرسىدىن سوراپتۇ:

—نەگە ماڭدىڭىز پالانچى؟

—ئايالىم يەڭگىگەن،—دەپتۇ ئۇ،—بالىغا ئىسىم قويدۇرغىلى مۆتىۋەللىنىڭ قېشىغا ماڭدىم.

—بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟

—بۆرە.

—ئەخمەق،—دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ،—بالىغا ئىسىم دېگەننى مانا بىز قويىمىز ئەمەسمۇ.

—ئۇنداق يېرى بولسا سىزدىن ئايلانسۇن غوپۇركا،—دەپتۇ قارشى تەرەپمۇ.

شۇنداق قىلىپ غوپۇر دىڭخولۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بالىغا «مۇتەللىپ» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ساھىبخان غوپۇر دىڭخولۇنىڭ ئالدىغا بىر پارچە لۆڭگە بىلەن بەش تەڭگە پۇلنى تاشلاپ قويۇپتۇ. غوپۇر دىڭخولۇ تالاغا چىققاندىن كېيىن ئارقىسىدىن ئۈزىتىپ چىققان ئۆي ئىگىسىگە:

—بالاڭغا قاملاشتۇرۇپ ئىسىم قويۇپ بەرسەم بەش تەڭگە قويغىنىڭ نېمىسى؟—دەپ سوراپتۇ.

—ئالمۇئاتىدا بولۇۋاتقان باھا شۇ.

—بالاڭنىڭ ئىسمى نېمىدا؟

—مۇتەللىپ.

—شۇ ئەمەسمۇ،—دەپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ قايناپ،—ئەسلي مۇتەللىپ دېگەن يىگىرمە بەش تەڭگە ئىدى. بەش تەڭگىگە مامۇتاخۇن، ساۋۇتاخۇن دەپ قوياتتۇق.

## ئۆيدىكى شۇۋىرغان يامان

قاتتىق شۇۋىرغان بولۇۋاتقان بىر كۈنى غوپۇر دىڭخولۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېسام ئۇستازىدىن:

—غوپۇركا، مۇنداق جۇدۇندا مەشنىڭ ئالدىنى بەرمەيتتىڭىز، بۈگۈن نېمە بولدى سىزگە؟—دەپ سوراپتۇ.

—گەپ قىلما ھېسامدىن،—دەپ ۋايساپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ،—شۇ تاپتا تالادىكى شۇۋىرغاندىن ئۆيدىكى شۇۋىرغان يامان.

## تەتۈر سېۋەتكە

يۇرۇش- تۇرۇشى ئېگىز- پەس بىر ئايال غوپۇر دىڭخولۇنى گەپتە چۇشۇرمەكچى بولۇپ:

—ئاڭلىسام بېلىق تۇتۇشقا ئۇستىكەنسىز غوپۇركا، ئۆگىتىپ قويسىڭىز—دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

—مەن دۇتار بىلەن تەمبۇر تۇتۇشتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. بۇنى باشقىلاردىن سوراڭ،—دەپتۇ غوپۇر دىڭخولۇ.

—ياق، بىلىدىكەنسىز، چوقۇم ئۆگىتىپ قويىسىز.

—زادى ئۆگەنمەن دېسىڭىز،—دەپتۇ ئايالغا غەرەز ئۇقتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن غوپۇر دىڭخولۇ،—ئاسانلا بىر ئۇسۇلى بار.

—قېنى دەڭ.

—دەريا بويىغا بارىسىز.

—ھە، ھە؟

—ئېقىننىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتىسىز.

—سۆزلەۋېرىڭ.

—بىلىڭىزگىچە سۇغا ئۆزىڭىزنى چىلاپ ئولتۇرسىڭىز، بېلىقلار كېلىپ تەتۈر سېۋەتكە چۈشۈۋېرىدۇ.

(ئاپتور: ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا)

---

① گىرىپ ژارژاپ — شۇ زاماندا مودا بولۇۋاتقان رەخت بولۇپ، پارالڭ شۇنىڭ ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا شۇنداق جاۋاب بەرگەن.

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا

مويىدىن سايىت بوستان

2008.4

«باينغولىن گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانىغا «ئوبلاستىمىزدا لوپنۇر مەدەنىيىتىنى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە» ناملىق ماقالىدە «لوپنۇر ناھىيىسى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئارخېئولوگ، ئالىملار قايتا ـ قايتا ئىسپاتلاپ چىققان، ئۆزگىچە تىل ئادىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن ساقلىنىپ قالغان رايونلارنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى لوپنۇر مەدەنىيىتىنى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى» دېيىلگەن. كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كىشىلەردە «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى زادى قانداق بولغىيتتى؟ دېگەنگە ئوخشاش لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلارغا قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان خەۋەر بېرىلدى.

مەن «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابىمنىڭ ‹لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار› دېگەن بابىدا «يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان لوپنۇرغا، ئوچۇقى ‹لوپنۇرلۇقلار›غا قىزىقىش ئەۋج ئېلىپ، زىيارەت، ساياھەتكە كەلگۈچىلەر، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىدىن تەسىرات يازغۇچىلار كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق بولۇشتا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تەركىبى، ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى قاتتىق بېكىنمىچىلىكتىكى كەچۈرمىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، ھەرخىل ئىگىلىك ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇۋاتقان مۇھىم ئامىللاردۇر» دەپ يازغانىدىم. ھازىرغىچە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا خاس تېمىلاردا ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىلغان ماقالىلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەتراپلىق بولماي كەم ـ چولتا، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىش؛ قىسمەن ياكى يۈزەكى كۆرۈنۈشلەرگە يېپىشىۋېلىپ، ماھىيىتىنى باشقىچە كۆرسىتىپ قويۇش، لوپنۇرلۇقلاردا ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار يوق دەپ بۇرمىلاش، ئىنكار قىلىش؛ ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئۆزىلا كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشلەر نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. ھەتتا «ئاخىرقى لوپلۇق»، «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق» دېگەندەك بىمەنە گەپلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

تارىم ـــ لوپ كۆلى ۋادىسىدىكى كىرورانىنى گەۋدە قىلغان، پىشامشان شەھىرى كىتىك، مىرەن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان غايەت زور، گىگانت سەلتەنەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كېلىپ تۇرغان بىر ـ بىرىدىن ئېغىر ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ، قۇم ئاستىدا قېلىپ غايىب بولۇپ كېتىشى بىلەن، بۇ زېمىندا يارىتىلغان ئۇزاق دەۋرلىك پارلاق مەدەنىيەتلەرمۇ كۆزدىن ئۆچتى. پەقەت رىزقى تۈگىمەي، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قالغان ئىنتايىن ئاز بىر تۈركۈم ئادەملەر ئۇ بالايىئاپەتلەردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، تارىم، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. شۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. ئۇلارغا قالغىنى قۇرۇق جېنى بىلەن ئانا دەريا تارىم، كۆنچى دەرياسى، ھالاكەتلىك پايانسىز قۇملۇق، چەكسىز ھەم ئۈزۈك ـ ئۈزۈك پارچە ـ پارچە بوستانلىق، توغراقلىقلار بولدى. مۇھىمى ئۇلار ئانا تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى بويلىرىدىن

يىراق كەتمىدى. ئۇلار تارىم، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان قەدىمكى ئوتتۇرا تارماق «يىپەك يولى»نىڭ قاسناقلىرىدىكى، قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىدىكى پارچە-پارچە توغراقلىق ئەتراپىدا ماكان قۇرۇپ، ئۆز ئەجرىدىن ۋە «يىپەك يولى»نىڭ شاراپىتىدىن بەھرىلىنىپ ھەممىنى باشتىن، يېڭىدىن باشلاپ، ئىككىنچى دەۋرلىك يېڭى بىر مەدەنىيەت مۇساپىسىگە قەدەم قويۇشتى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ مەدەنىيەت مۇساپىسى ۋاقىت جەھەتتە ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى پارلاق مەدەنىيەت سەلتەنەتلىرى زادىلا ئەسلىگە كەلمىدى. يوقالغىنىچە يوق بولدى. «يىپەك يولى»دا ئۇيان-بۇياندىن كەلگەن مەدەنىيەتلەر غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپ يىراق مەنزىللەرگە ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ يەرلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشىمۇ ئىنتايىن ئاز، سۇس، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولدى. بۇ يەردىكى خەلق قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىدىكى ئىنتايىن تارقاق كىچىك-كىچىك بوستانلىقلاردا تىرىكچىلىك غېمىدە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ھەپىلىشىپ كەلدى. قانداقلا بولسۇن «يىپەك يولى»دىكى ئۇيان-بۇياندىن كەلگەن، ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قىقاس-چۇقانلىرىنى، داۋراڭلىرىنى، تۆگىلىرىنىڭ بوغۇق ئەمما سۈرلۈك كولدۇرما ئاۋازلىرىنى ئانچە-مۇنچە بولسىمۇ، شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغاندا ئۇلاردىن يىراق ئىقلىملاردىكىلەر توغرۇلۇق ئازدۇر-كۆپتۇر ھەرخىل ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى. يىللار، ئەسىرلەر شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى...

15-ئەسىردە تەننەرخى تۆۋەن، خەۋپ-خەتىرى، مۇشەققىتى ئاز تەييار دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى نەتىجىسىدە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي شۆھرەتلىك، ئاۋات قۇرۇقلۇق سودا رەستىسى بولغان «يىپەك يولى» مەنبەسى ئۈزۈلگەن ئېقىن شىپپىدە توختاپ قالغاندەك، بىراقلا ئۈزۈلۈپ تاشلىنىپ قالدى. بۇ تاشلىنىش ھەممىدىن بەك تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان ئوتتۇرا يول قاسناقلىرىغا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە تارىخىي تراگېدىيىلىك ئىنتايىن زور، مىسلىسىز چېكىنىش، يېتىملىك، بىكىنمىلىك ۋە قاتماللىق ئېلىپ كەلدى. بۇ تارىخىي چېكىنىش تراگېدىيىسى ئۇزاق، بەك ئۇزاق داۋام قىلدى. كروران ۋە كروران مەدەنىيىتى قۇم ئاستىغا غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، لوپنۇرلۇقلارغا يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قۇرۇق جېنى، ئىككى قولى ۋە تارىم، كۆنچى دەرياسى، پايانسىز مۇدھىش قۇملۇقتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. «يىپەك يولى» پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قېلىش بىلەن بۇ دىياردا باشقا بىر تىپتىكى يەنە بىر خارابىلىك باشلاندى. بۇ — يېتىم، غېرىبلىق ئىدى. گالايلۇق، گارسىيا ماركوسنىڭ ماكوندولۇقلىرى 100 يىل غېرىب-يېتىملىكتە ئۆتكەن بولسا، لوپنۇرلۇقلار بىر نەچچە يۈز يىل، ئېنىقنى ئېيتساق، 500 يىلغا يېقىن يېتىم-غېرىبلىقتا ئۆتتى. خۇددى تەبىئەت توغراقلىقلارنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا، قۇملۇقنىڭ تومۇزدىكى كۆيدۈرگۈچ ئاتەش ئىسسىقىغا، قىشتىكى دەھشەتلىك جۇدۇن-چاپقۇنلىرىغا تاشلاپ قويۇپ ھېچقانداق پەرۋىش قىلمىغىنىدەك، لوپنۇرلۇقلارنىمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى «تەبىئەتتىن ھالقىغان باشقا بىر دۇنيا» ① غا تاشلاپ قويۇپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان پەرۋىش قىلمىدى، تاشلىۋەتتى. ھەتتا دۇنيادا مۇشۇنداق بىر جاي، مۇشۇنداق ناھايىتى ئاز، كىچىككىنە بىر ئىنسان تۈركۈمىنىڭ بارلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپمۇ قويۇشمىدى، بەلكى ئۇنتۇپلا كەتتى. «يېتىمنىڭ يىغىسى نەگە يېتەر» دېگەندەك، بۇ يېتىم — غېرىب خەلقنىڭ ئەتراپىدا بۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، مۇڭىنى ئاڭلايدىغان ھېچقانداق بىر جەمئىيەت بولمىدى. شۇنداقلا لوپنۇرلۇقلارمۇ دۇنيادا ئۆزلىرىدىن باشقا رەڭگارەڭ ھاياتلىق ئىقلىمىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز قېلىۋەردى. دۇنيانىڭ، جەمئىيەتنىڭ يەكلىشى ئاز كەلگەندەك بۇلارنى تەبىئەتمۇ يەكلىدى. بۇنداق يەكلەشلەر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. بىر جايدا مۇقىم ماكان قۇرۇپ يۇرت-ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى.

بەلكى بارلىق مۇمكىنچىلىكلىرىنى تۈرلۈك ئاپەتلەر يوققا چىقىرىۋەتتى. قۇرغاقچىلىق، قۇم-بوران ۋە باشقا ھەرخىل كېسەللىك ئاپەتلىرى ئۇلارنى ئېغىر تالاپەت، ۋەيرانلىق ۋە سەرسانلىققا گىرىپتار قىلىپلا تۇردى. ۋەقە-رىۋايەتچى قېرىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېچىنىش بىلەن ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىللار بۇرۇن ئابدال، قاراقوشۇن تەرەپتە ئېغىر قۇرغاقچىلىق، قۇم-بوران ئاپىتى بىلەن بىرگە ياۋا چېچەك ئاپىتى تەڭلا بولۇپ، ئۆي-ماكان، ئېتىز-ئېرىقلارنى قۇم باسقان، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلۈم-يېتىم ناھايىتى كۆپ بولغان. شۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئابداللىقلارنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بىرىدە:

بۇلتۇرقى ئابدالداقى
شۇ قىيامەت دۇنيا ئىدى.

دەپ سۈرەتلەنسە، بىر مېيىتنى كۆمۈپ ئۈزىتىپ بولماي

تۇرۇپ يەنە بىرلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىدەك ئەھۋال قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بىر قوشىقىدا:

ئۆلۈكلەر ئۇزىمىغان.

ئىگەمنى ② بۇ دۇنياسى...

دەپ سۇرەتلەنگەن. شۇ قېتىمقى ئاپەت تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر جېنىنى ئېلىپ قېچىپ چاقىلىققا بېرىپ ئورۇنلاشقان. هازىرقى لوپلەڭگەر مەھەللىسىدىكى كىشىلەر ئەنە شۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەۋلادى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر تېخىمۇ يىراققا—خوتەن ـ نىيە تەرەپلەرگىچە كەتكەن. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ماكانلاشقان يېرىگە «لوپ» دەپ نام بەرگەن (كېيىن شۇ مەھەللىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ناھىيىمۇ لوپ دەپ ئاتالدى)، ئاز يەنە بىر قىسمى شەرق تەرەپكە مېڭىپ قومۇلغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. ئۇلارمۇ ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئورۇنلاشقان مەھەللىنى «لوپچۇق» دەپ ئاتاشقان («لوپچۇق» دېگەن ئىسىم كېيىنچە «لاپچۇق»قا ئۆزگىرىپ كەتكەن). يەنە ئالايلۇق، باغ ـ بوستانلىرىغا، ئېتىزغا، يايلاقلىرىغا سۇ كىرەك ۋاقىتلاردا دەريا ـ ئېقىنلار ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ يۆتكىلىپ كەتتى، دەريا ـ ئېقىن قىنى، كۆللەر قۇرىدى، يۇرتنى قۇرغاقچىلىق باستى ياكى يىغىم ـ ئورما، خامان مەزگىللىرىدە كەلكۈن يامراپ پۈتۈن بىر ياز قىلغان ئەجرىنى، ئەجىر مېۋىلىرىنى ئېقىتىپ كېتىپ، كىشىلەرنى قۇرۇق قول قويىدى.

چېلىشىشتا غالىب كېلىشتە بىر قانۇنىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ رەقىبىنىڭ قولتۇقىغا كىرىش. ھەرقانداق كۈچتۈڭگۈر چېلىشچىمۇ رەقىبىنىڭ بېلىنى تۇتماي، قولتۇقىغا كىرمەي تۇرۇپ مىڭ ھەيۋە قىلغىنى بىلەن رەقىبىنى يىقىتالمايدۇ. ھاياتلىق ـ ياشاش مەنتىقىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ناچار مۇھىت، ناچار شارائىتتا ياشىغۇچىلار مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، شارائىت ھەرقانچە يامان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭ سىرتىغا ئېلىۋالماي ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشى كېرەك. ھايۋانلارمۇ شۇنداق. ناچار، يامان شارائىتقا ماسلاشقانلار ياشايدۇ، ماسلاشمىغانلار، ماسلىشالمىغانلار يوقايدۇ. ئادەم ئاڭلىق مەخلۇق، ئۇنىڭ ناچار مۇھىتقا ماسلىشىش ئۆزلىشىشى ھايۋانلاردەك پاسسىپ ھالدا ئەمەس، ئاڭلىق، ئاكتىپ بولىدۇ. ناچار مۇھىت، ناچار شارائىتقا شۇ پېتى ماسلاشماي، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتنى تاللىۋالىدۇ ھەم پايدىلىق يېڭى شارائىتنى يارىتىدۇ. لوپنۇرلۇقلار شۇنداق قىلدى، تەبىئەتنىڭ پەيلى-رايىغا قاراپ تۇرمىدى. تەبىئەت ئۇلارنى يەكلەپ ھەدېسىلا ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئۇيانىدىن توسسا، ئۇلار بۇيانىدىن يول تېپىپ ۋە يول ئېچىپ، تەبىئەت ئۇنداق قىلسا، ئۇلار بۇنداق قىلىپ، ۋۇجۇدىدا ھۆججەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك ۋە يوقالماس، مۇستەھكەم ھاياتىي روھىغا تايىنىپ تىرەجەپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئالايلۇق، تەبىئەت قۇرغاقچىلىق، سۇسىزلىق ياكى كەلكۈنگە باستۇرۇش ئاپىتى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىپ ئۇلارنى ئاچلىق گىردابىغا ئىتتەرسە، ئۇلار تېرىقچىلىقتىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن ياشاش ئۈمىدىنى دەريا، كۆلدىكى بېلىققا باغلاپ، دەريا، كۆل نەگە يۆتكەلسە ئۇلارمۇ شۇ يەرگە يۆتكىلىپ، بېلىقچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان، دەريا، كۆل، ئوتلاق قوغلىشىپ يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشقا ئۆتتى. بۇ، مەدەنىيەت تارىخىدا باشقا جاي، باشقا ئىقلىمدىكىلەر كۆچمەنچىلىكتىن تەدرىجىي تۇراقلىق دېھقانچىلىق قىلىش، يېزا ـ كەنتلىشىش، شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقان دەۋر ئىدى. ئەمما تارىم بويى ـ تەكلىماكاندىكى تەبىئىي شارائىتنىڭ ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن لوپنۇرلۇقلار دېھقانچىلىقنى، مۇقىم، تۇراقلىق ماكانلىرىنى تاشلاپ، بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان كۆچمەنچىلىككە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لوپنۇرلۇقلاردىكى «قاۋۇن ③ سۇرۇك، ئاشلىق بەدگۇيا، بوز تارىمنى ياقىلا، بالىق چۇلۇق ④ ، قورساق توق» دېگەن ماقال ـ تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىمۇ، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم بولۇشىنىڭ، تىلىنىڭ ئەرەب، پارس، ۋە باشقا چەت تىللاردىن (ئاساسەن) خالىيلىقى، كۆپ جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلىقى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرىنى ئۆزىدە كۆپرەك ساقلاپ كەلگەنلىكى، ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ دىئالېكت ئىچىدە لوپنۇر شىۋىسىدىن ئىبارەت بىرلا شىۋىدىن تەركىب تاپقان ئايرىم، مۇستەقىل لوپنۇر دىئالېكتى بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭمۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىت ئارقا كۆرۈنۈش مەنبەسىمۇ، شۇنىڭدەك «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دۇنيانىڭ كۆز ـ قۇلىقىدىن مۇستەسنا، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى قۇرۇقلۇقىدىنمۇ گويا پايانسىز دېڭىز

گوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس كىچىككىنە يىگانە ئارالدەك ئايرىلىپ تۇرغان، مۆجىزىدەك ئاجايىپ رىۋايەت ۋە ئەپسانىۋى پەردىلەر ئىچىدىكى بىر دۇنيا» ⑤ دەپ سىرلىق تۇيۇلۇپ، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇشىدىكى جەلپكارلىقنىڭ مەنبەسىمۇ مانا شۇ ئامىللاردۇر.

نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ لوپنۇرلۇقلارغا بولغان قىزىقىشلىرىنى كونكرېتراق ئېيتساق، تۆت ـ بەش ئەسىردىن بۇيان جەمئىيەتتىن تاشقىرى بىر دۇنياغا تاشلاپ قويۇلغان ھەتتا ئەتراپىدىكى قېرىنداش يۇرتتىكىلەر بىلەنمۇ بارـدى ـ كەلدى قىلىشماي شۇ قەدەر ناچار شارائىتتا قۇم ـ تېرىقتەك چېچىلىپ بىر جەمەت، بىر ئائىلە ئايرىم ـ ئايرىم، ئىنتايىن تارقاق ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلماي كۆچمەنچىلىكتە ئۆتكەن لوپنۇرلۇقلار قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، بېلىق ۋە مال ـ چارۋا گۆشلىرىدىن باشقا يەنە نېمە يەپ، نېمە كىيىپ يۈرگەن بولغىيتتى؟ تېخى ئۇلارنىڭ ھەرخىل جىسمانىي كەملىك، جىسمانىي مېيىپلىكتىن خالىي بىجىرىم چوڭ بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشچۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تاسادىپىي بىرەر ئەھۋالغا دۇچار بولمىغان ھالەتتە چىشلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتمەي ساق تۇرۇشىچۇ، بۇنىڭ سىرى نېمە؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىپ قالدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىر ئىشنى ئېيتساق، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ياش ياشىنىشىغا بولغان ئەنئەنىۋى قارىشىدا يەتمىش ياشتىن ئاشمىغانلارنى قېرى ھېسابلىمايدۇ. بۇ، ب د ت نىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى بېكىتكەن ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلىق ياش يىل چەكلىمىسى توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمىسى بىلەن بىردەك، ئاياللاردىن يېشى 90 دىن 100 گىچە بولغانلارنى ئابۇشقا (ئوبۇشقا)، 100 دىن ئاشقان ئەر ـ ئاياللارنى بىردەك قۇتقا دەپ ئاتايدۇ، 120 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرنى قاناقا ⑥ دەپ ئاتايدۇ.

مەن كىشىلەر قىزىقىۋاتقان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئائىلىۋى ئىگىلىكى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا دائىر ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمەن (لوپنۇرلۇقلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن تۇرلۇك ساقىندى تەسىرلىرىنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا «لوپنۇر ئەسلىملىرى» دېگەن كىتابىمنىڭ 8 ـ بابى ‹لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار›نىڭ دىنىي ئېتىقادى» دېگەن قىسمىدا بىر قەدەر كەڭرەك توختالغىنىم ئۈچۈن، بۇ ماقالىدە يەنە قەلەم يۈرگۈزۈشنى ئورۇنسىز دەپ قاراپ بولدى قىلدىم).

### 1. ئىقتىسادىي ئىگىلىكى

تىرىكچىلىكتىكى ئەنە شۇنداق ناچار شارائىت سەۋەبىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال تەبىئىي ئائىلە ئىگىلىكى، ئائىلىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن چەكلىنىپ قالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچىلىكمۇ بازار شەكىللەنمىگەنچە، ئىشلەپ چىقىرىلغان، ياسالغان نەرسە ـ بۇيۇملار، ھۈنەر ـ كەسىپ تاۋارلاشمىغان. ئائىلىلەر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ياسىۋالاتتى. دەرھال ياسىلىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا (مەسىلەن، خام ماتېرىيال بولمىغان ئەھۋالدا) باشقىلاردىن ئۆتنە ـ ئارىيەت ئالاتتى ياكى تەڭ قىممەتتە باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇشاتتى. قازان ـ قۇمۇچ، چىنە ـ قاچىغا دائىر نەرسىلەردىن قازان، چۆگۈندىن باشقىلىرى ياغاچتىن ياسىلاتتى. ھەر بىر ئائىلە لازىم بولىدىغانلىكى نەرسىنى ئۆزلىرى ياسىۋالىدىغان بولغاچقا، بۇ جەھەتتە ئائىلىدىكى قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، ئائىلە ئىگىلىكىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورنى، ئىش تەقسىماتى ئېنىق؛ ئەرلەر ئاسان بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە قىلماق بىر قەدەر قىيىن، ئېغىر ھېسابلىنىدىغان كىمە، ئەگەر چېپىش، قوي قىرقىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا، خوتۇن ـ قىزلار يۇڭ ساۋاش، تېرە ئاشلاش، ئىگىرىش ـ ئېشىش، توقۇش، تىكىش، چارۋىغا قاراش، خامنى پىشۇرۇش قاتارلىق يېنىك ھۈنەر ـ كەسىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بولۇپمۇ لوپنۇر ئاياللىرى توقۇغان پالاز، خۇرجۇن، تاغارلار رەڭدارلىقى، سىپتا ـ سىلىقلىقى، سۈپەتلىك، چىداملىقلىقى بىلەن داڭلىق. ئائىلە بېساتلىرى ئېھتىياجغا يارىشا بولىدۇ، ئارتۇق بېسات يىغمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ. «ئارتۇق مال ئېشەككە يۈك» دېگەن ماقال لوپنۇرلۇقلارغا ئوخشاش كۆچمەن خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇلار ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ھازىرلىۋالىدىغان، ئارتۇق مال ـ بېساتقا قىزىقمايدىغان بولغاچقا، بىرى بىرىنىڭكىنى ئېلىۋالىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا ئارىيەتكە سورىسا بەرمەيدىغان ياكى ئارىيەتكە ئېلىپ قايتۇرمايدىغان ئىشمۇ يوق. ئىگىسى يوق ئەھۋالدىمۇ ھويلا ـ ئاراملىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ بولۇپ ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەكېلىپ قويىدۇ ياكى كېيىنچە ئورنىنى تولدۇرۇپ قويىدۇ. بىر مەزگىلگىچە ئەكېلىپ بەرمىسىمۇ، بىرەرسى ئىشلىتەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپلا ئويلايدۇ؛ «نەگە كەتكەندۇ، كىم ئېلىپ كەتكەندۇ» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا ئوغرى يوق. بۇنداق بولۇشتا يۇقىرىقى ئىككى تەرەپتىن باشقا، ئۇلاردا ئىزچىللىقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىمۇ مۇھىم ئامىل. ئۇلار تەكلىماكاننىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدىكى كىچىك - كىچىك بوستانلىقلاردا، دەريا - ئېقىن، كۆل بويلىرىدا تارقاق ئورۇنلاشقان بولغاچقا، مەھەللىلەر، ئائىلىلەر ئارا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن خېلى كەڭ قۇملۇقلارنى، ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەچچە - نەچچە قۇم دۆۋىلىرى ۋە توغراقلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇچرىغان ھەرقانداق نەرسىگە، قۇم دۆۋىلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئېگىز - پەسلىكى، قىرلىرىنىڭ قانداقلىقى، يارداڭلىرىنىڭ شەكلىگىچە، دەل - دەرەخ بولسا ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، باغجاللىنىشى، شاخلىرىنىڭ قويۇق - شالاڭلىقى، قوۋزاقلىرىنىڭ قانداقلىقىغىچە، ھەتتا بىرەر تۈپ يۇلغۇن، يانتاق ئۇچراتسىمۇ ئۇنىڭغا ئىنچىكە زەن سېلىۋېلىپ، ئېسىدە ساقلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. ناۋادا بىرەر نەرسە يوقىلىپ كەتكەن بولسا، نەرسە ئىگىسىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاڭلىغانلىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممە كىشى شۇ نەرسىنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئىش ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، يوقالغان نەرسە تېپىلماي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنى بىرەر كىم ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى يۇرت ئەھلىنىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ، يۇرت ئىچىدە ياشىمىقى تەس بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە خاتىرجەم قويۇپ قويۇۋېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزئارا مۇئامىلىدە، ئىلىم - بېرىم، ئۆتنە - يېرىم ئىشلىرىدا ئانچە سېنىڭ - مېنىڭ دەپ كەتمەيدۇ.

**2. تۇرالغۇسى**

ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆيلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن ياغاچ ئۆي، قومۇش ئۆي، پۇتۇن - يېرىم گەمە ئۆي دەپ چوڭ ئۈچ تۈرگە، شەكلى يېقىندىنمۇ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. توغراقلىققا يېقىن جايغا ئورۇنلاشقانلار ئاساسلىق ئۆينى ياغاچتىن ياسايدۇ. ياغاچ ئۆينى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۆي سالىدىغان يەر تاللانغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت باقانا ⑦ 50 سانتىمېتىر ئەتراپى چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلۈپ، ئۈستى تەرىپىدىن ياغاچ بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ چېتىلىدۇ. بۇ، ئۈستى چېتىق ياغاچ بايران دېيىلىدۇ. تۆت باقانىنىڭ تۆۋىدىن بىر - بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېرىقچە چېقىرىلىپ، شاخ - پۇتاقلىرى ئېلىنىپ بىر قۇر ياپسالاپ (ياغاچ پۇتاقسىز، تۈز بولسا ياپسالمايدۇ) تەييارلاپ قويۇلغان ياغاچلارنىڭ توم تەرىپى ئېرىقچە ئىچىگە قاتار قىلىپ زىچ قويۇلۇپ، كۆمۈلىدۇ. ئۈستى ئۇچى بايرانغا يۆلەپ باغلىۋېتىلىدۇ. ئۆي چوڭ بولسا ئوتتۇرىغا بىر تال باراي (جەگە، لىم) قويۇلىدۇ. بولمىسا قويۇقراق قىلىپ گۆشۈ (بادرا، چەنزە) قويۇپ، ئۈستى قومۇش، يېكەن بىلەن يېپىلىپ لاي سېلىنىدۇ. ياغاچ ئۆي كۆپ ھاللاردا ئىككى ئېغىزلىق بولىدۇ، ئادەم بويىدىن سەللا ئېگىز قىلىنىدۇ. ھەممە ئۆيگە تۈڭلۈك، شامال ئۇرمايدىغان تەرەپكە بىردىن پەنجىرە قويۇلىدۇ. ياغاچلىرى ياخشى ياپسالانغانلىرى شۇ پېتى قويۇلۇپ، ياخشى ياپسالانمىغان ياكى ئۆز پېتى قويۇلغانلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى ئىچى تەرىپىدىن سۇۋۇلىدۇ. ئۆينىڭ يېنىغا ياكى ئارقىسىغا قاتتىق - قۇرۇق نەرسە قويىدىغانغا بىردىن قومۇش ئۆي ياكى ساتما ياسىلىدۇ. توغراقلىقتىن يىراق جايغا ئورۇنلاشقانلار ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت باقانا قويۇپ، ئۇلارنى بايران بىلەن تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، تۆت باقانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن چېتىق باغلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۆلەپ قويۇق ۋە قېلىن قىلىپ غالدىراڭ قومۇش (بورا توقۇشقا ئىشلىتىدىغان چوڭ، ئېگىز قومۇش) قويۇپ، ئۈستى تەرىپىدىن، ئوتتۇرىدىن باسۇرۇق چېتىق قويۇپ باغلىۋېتىلىدۇ. ئۆگزىسى ياغاچ ئۆي (قۇرمال ئۆي) بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. قومۇش ئۆيگىمۇ تۈڭلۈك، پەنجىرە قويۇلىدۇ. قومۇش قېلىن، زىچ قويۇلغان بولسا سۇۋالمايدۇ. نېپىز قويۇلۇپ قالغان بولسا كۆپ ھاللاردا سىرتىدىن سۇۋۇلىدۇ. ۋاقىتلىق ئولتۇرىدىغانلار قومۇش، يۇلغۇن، يېكەن ئارىلاش ساتما (قاتماچۇق) ياساپ ئولتۇرىدۇ. قىشلاپ قالغۇدەك بولسا گەمە كولىۋالىدۇ. گەمە — پۇتۇن گەمە، يېرىم گەمە دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. پۇتۇن گەمە ئادەم بويىدىن چوڭقۇر كولىنىپ، ئۈستى يەر يۈزىدىن سەل ئېگىز قىلىپ يېپىلىدۇ، بۇنىڭ تۈڭلۈكى چوڭراق بولىدۇ. يېرىم گەمە بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ، ئۈستىگە كەپە ياسىلىدۇ. ياغاچ ئۆي (قۇرمال ئۆي)، قومۇش ئۆي (قاتماچۇق - ساتما) سېلىپ ئولتۇرغانلار ئۆي ئالدىغا چوڭ ھويلا قىلىپ، ئەتراپىنى قومۇش، يېكەن ياكى يۇلغۇن بىلەن توسۇپ، شاخشا ئىشىك بېكىتىدۇ. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇپا قىلىدۇ.

ياغاچ ئۆي، قومۇش ئۆي ياكى گەمە بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پالتۇك (پەۋا) تەرەپتە ئۇچاق، ئۇڭ تەرەپتە ياكى ئىشىككە ئۇدۇل تامغا چاپلاپ ياسالغان يان مۇرا بولىدۇ. ئۆي بىساتلىرىغا كەلسەك، بىر ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك كىگىز، پالاز، يوتقان ـ كۆرپە، چۆكۈچەك (يوتقان ـ كۆرپە يىغىدىغان ساندۇققا ئوخشاش نەرسە)، قازان ـ قومۇچ، چىنە ـ تاۋاق، لىگەن، جاۋۇر، چوڭ ـ كىچىك تەڭنە، چادا (كىر تەڭنىسى) قاتارلىقلار تەل بولغاندىن باشقا، پالتا، بىگەن، ئاتالغۇ (تەڭنە، جاۋۇر، كېمىنىڭ بۇلۇڭلىرى، ئەگمىسىنى ئويۇشتا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس سايمان) ۋە ھەرخىل توقۇش، ئىگىرىش ـ ئېششكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق، تەق بولىدۇ.

ئەگەر كۆچۈپ كەتمەكچى بولسا، كېتىدىغان يېرى يىراق بولسىمۇ ئەسلى، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە بولسىمۇ، كېتىدىغاندا ئۆيىنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ مەھەللىگە يېڭىدىن بىر ئائىلىلىك كىشى كۆچۈپ كەلسە، ئۆزلىرىگە ئۆي سېلىۋالغىچە مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن بوش ئۆيگە ئورۇنلىشىپ تۇرىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بوش ئۆي بوش پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى، كۆچۈپ كەتكۈچىلەر بىر كۈنلىرى قايتىپ كېلىپ قالسا... دەپ قارايدۇ، ھەرگىز ئۇنى باشقا بىرسى ئىگىلىۋالمايدۇ.

### 3. بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقى

دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشىغا قايتقانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇق. دېھقانچىلىقتىن قول ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىدە، يېمەكلىكىدە بېلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ بىر ئۆمۈر بېلىق تۇتۇش بىلەن ھەپىلەشكەچكە، بېلىق تۇتۇشقا ئىنتايىن ماھىر، قايسى پەسىل ۋە قانداق چاغدا، مەسىلەن، ئەتىگەن، چۈش، كەچتە، كېچىدە دەريا، كۆللەرنىڭ قانداق يېرىدە قايسى خىلدىكى بېلىق بارلىقىنى خۇددى شۇ يەرگە بېلىقلارنى سولاپ قويغاندەك ئېنىق بىلىدۇ. سۇ تېگىدىكى بېلىقلارنى كۆرۈش، پەرقلەندۈرۈشتە كۆزى بەك ئۆتكۈر. بېلىقئوتى ۋە ئۇنىڭ يىلتىز پارچىلىرىنىڭ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققىنىغا قاراپمۇ ئۇ يەردە قانداق بېلىق بارلىقىنى قىياس قىلالايدۇ.

ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى كۆپ، قورال ـ سايمانلىرىنىڭ تۈرىمۇ تولا. بەزى ئۇسۇللىرى، سايمانلىرى ئۆزگىچە.

1) كېمە. كېمە ئۇلارنىڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپلا قالماي، بېلىق تۇتۇشتىكى ئاساسلىق، مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ كېمىسى چاپما بولۇپ، توغراق غولىنى ئويۇپ ـ چېپىپ ياسايدۇ. كەڭ ـ تارلىقى (چوڭ ـ كىچىكلىكى)، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەييارلانغان توغراق كۆتىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېمە تاياشنى بىلگەندەك، كېمە چېپىشنىمۇ بىلىدۇ. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كېمە چېپىش، تاياشنى ئۆگىنىدۇ. كېمە چېپىش، كېمە تاياشنى بىلمىگەنلەرنى ياشاشنى بىلمەيدىغانلار، دەپ قارايدۇ. شۇڭا كېمىگە دائىر ئىشلارغا بەك كۆڭۈل قويىدۇ. كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ تۆت ـ بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى شۇرۇق (مەخسۇس كېمە تاياشقا ئىشلىتىدىغان خادا) بىلەن ياكى كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كېمە تايىسا، تېزلىكىگە قاراپ كۆزمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار كېمىدە تۇرۇپ دەريا، كۆلگە تور ـ گۆلمە يايىدۇ، ئىلغاق، سانچىغاق (شاشقاق) تا بېلىق تۇتىدۇ.

2) گۆلمە ـ تور. گۆلمە بېلىق تورىنى تورقا يىپىدا توقۇيدۇ. تورقا يىپى سۇدا چىرىمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ، ئۇزاق چىدايدۇ. بىر ئادەم بېلىق جىق يەرنى نىشانلاپ تۇرۇپ تور تاشلايدۇ. تورنىڭ بىر تەرىپىدە چۆكۈرتمىسى، يەنە بىر تەرىپىدە لەيلەتمىسى بولىدۇ. يەنە بىر ئادەم كېمىلىك سۇنىڭ ئۈستۈن ياكى تۆۋەن تەرىپىدىن شۇرۇقنى سۇغا ئۇرۇپ، بېلىقلارنى تور تەرەپكە ھەيدەيدۇ. بېلىقلارنىڭ تورغا چۈشكەنلىكى بىلىنگەندىن كېيىن تورنى يىغىدۇ. بېلىقلارنى توردىن بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سەكرەپ ـ پالاقلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مايتۇ (بەزىلەر مايتۇ چاقمۇ دەيدۇ. بىر ئۇچىنى مۇشتۇمدەك قىلىپ مەخسۇس ياسالغان كىچىك توقماق) بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ كېمىگە تاشلايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

بىلدۈرگۈ:

① سېۋىن ھېدىن: «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 442 ـ بەت.

② ئىگەمنى ـ ئىگەمنىڭ (لوپنۇر دىئالېكتىكىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئوخشاش).

③ قاۋۇن ـ قوغۇن.

④ چۇلۇق ـ كۆپ، نۇرغۇن.

⑤ نەقىل «لوپنۇر ئەسلىملىرى» دېگەن كىتابىمدىن ئېلىندى ـ ئا.

⑥ قاناقا ـ ئۇلۇغ بوۋا، بۇزرۇكۋار دېگەن مەنىدە.

⑦ باقانا ـ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئورنىتىدىغان تۈۋرۈك.

(ئاپتور: كورلا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



# ياشلار دۆلىتى تۈركىيە ۋە تۈركىيە ياشلىرى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئۆزىنى بىر ئەسىرگە يېقىن ياۋروپا دۆلىتى، دەپ ساناپ كەلگەن تۈركىيە ياشانغان ياۋروپاغا كۆرە تولىمۇ ياش دۆلەتتۇر. بۇ يەردىكى ياشلىق، ئەلۋەتتە نوپۇستىكى ياشلارنىڭ نىسبىتىگە قاراپ ئېيتىلغان. دېمىسمۇ تۈركىيە نوپۇسىنىڭ 41% نى ياشلار تەشكىل قىلىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىينى بوسۇغىسىدا شۇنچە ئۇزاق ساقلىتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ تۈركىيىدىكى پۇرسەت ئىزدەۋاتقان نەچچە مىليون ياشنىڭ ياۋروپاغا سەلدەك ئېقىشىدىن خەۋپسىرەشتۇر. تۈركىيىدە تۈركچە ئۆگىنىۋاتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ياۋروپالىق قىزلار ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. سۈرۈشتۈرسەم ئۇلارنىڭ كۆپى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن تۈرك ياشلىرى بىلەن تويلىشىشقا پۈتۈشۈپ كەلگەن قىزلار ئىكەن. ئەگەر سىز ئىستانبول، ئەنقەرە، كونيا، ئىزمىر قاتارلىق شەھەرلەردە بولسىڭىز، كوچىلاردا گۈل ئېقىنىدەك كېلىۋاتقان بىر ـ بىرىدىن ئۇز، بەرنا تۈرك ياشلىرىغا قاراپ بۇ دۆلەتنى دىلبەرقىز ۋە ساھىبقىران يىگىتلەرنىڭ دېڭىزىمىكىن، دەپ قالىسىز. مەن تۈركىيىدە بولغان ئالتە ئاي جەريانىدا ئاشۇ ياشلار دېڭىزىدا ئۈزدۈم، تۈرك ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك سۆھبەتلىرىدىن دىلىم يايرىدى، غەرەزسىز ياردەملىرىدىن قەلب ئۇسسۇزلۇقۇم شەربەتكە ئۇلاشتى. مەن ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ياشلار دۆلىتى، دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەلنىڭ

ياشلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەي، دەپ ئۇلار بىلەن باشتىن ـ ئاخىر بىر داستىخاندا غىزالاندىم، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىللە ياشىدىم. ئۇلارنىڭ ھەپتىدە بىر ئۇيۇشتۇرىدىغان لېكسىيىلىرىگە ئىشتىراك قىلدىم ۋە لېكسىيە بەردىم. مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىسقا، ئەمما بەكمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ ئالتە ئايدا تۈركىيە ياشلىرى ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات ۋە سېغىنىشلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.

**1. تۈركىيە ياشلىرى تولىمۇ قىزغىن، قائىدىلىك ۋە ياردەم سۆيەر بولىدىكەن**

مەن بۇ يەردە ئارتۇقچە مەدھىيىلەردىن كۆرە بىر قانچە كۆرۈنۈشنى سۇنساملا كۇپايە. ئارام كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېنى بىر قانچە ۋەتەنداشلىرىم ئىزدەپ كەلدى. بىز ئاران بىر كۆرۈشكەندە ئۇيغۇر تىلىدا چۇرقىراشقانچە دۇنيانى ئۇنتۇپتىمىز. بىر چاغدا ياتاقداشىمدىن بىرى ئارمان ئەتكەن چېيىدىن ھەر بىرىمىزگە بىر ئىستاكاندىن دەملەپ بىزگە يەتنۇستا ئەدەپ بىلەن سۇندى. شۇندىلا مەن مېھمانلىرىمغا چاي قۇيمىغىنىمنى ئەسكە ئېلىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. مەن ۋە باشقا ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئارىلىقتىن كۆتۈرۈپ كەلگەن، ۋەتەننىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان ئەتكەن چاي مېھمانلىرىمنىڭ ۋەتەن سېغىنىشىغا مەلھەم بولدى.



نورۇز كۈنى ئىدى، غازى ئۇنىۋېرسىتېتىغا نورۇز پائالىيىتىنى كۆرگىلى باردىم. پائالىيەت تۈگىشىگە، قاتناشقانلار يولۇغا تەكلىپ قىلىندى. مەن ھېلىلا ئاڭلىغان ئۇيغۇرچە كۈينىڭ مەستخۇشلۇقىدا قولۇمدىكى ئايران (بىرچە دوغاپ)نى كۆڭلىكىمگە تۆكۈۋالدىم. نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا يېنىمدا ئولتۇرغان بىر تۈرك بالا ماڭا قولياغلىقىنى ئۇزاتتى. كېيىن بۇنداق دىلكەش ياشلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بىز «مولىلارنىڭ گېپى»، «كونا زامانىڭ ئىبارىلىرى»، دەپ ئاللىقاچان ئۇنتۇشقا يۈزلەنگەن ھۆرمەت ـ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ تۇرۇپ شۇنچە تەبىئىي سۆزلەشلىرى، قائىدىلىك سالام ـ سائەتلىرى، قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلىرى مېنى مۇساپىرلىق دەشتىدىن يىراق قىلدى.

**2. تۈركىيە ياشلىرى سۆزمەن، مۇنازىرىچى كېلىدىكەن**

بىر كۈنى ياتاقتا ئىنگلىزچە بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرسام، بىر ياتاقدىشىم ئاستاغىنە مەندىن تۈركچى تىللارنىڭ تاۋۇشلىرى بىلەن ئىنگلىزچىنىڭ تاۋۇشلىرىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە سوراپ قالدى. جاۋابلىرىم ئارىمىزدا مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى. مەن بىلىپ ـ بىلمەي ۋارقىراپ كېتىپتىمەن. ئۇ مېنى راست رەنجىگەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپىقى سىلىنغانچە كېتىپ قالدى ۋە باشقىلارغا «بۇ ئاكىمىز بىلەن مۇنازىرىلەشسە ئاسان ئاچچىقلايدىكەن» دەپتۇ. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئۇزاق ئويلاندىم. نېمە ئۈچۈن ئۇلار«جانىم، قېرىندىشىم»، دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ سائەتلەرچە مۇنازىرىلىشەلەيدۇ ـ يۇ، مەن ئازراق مۇنازىرىلىشە ـ مۇنازىرىلەشمەي قىزىرىپ كېتىمەن؟ تۈرك ياشلىرىنىڭ گەپدانلىقى ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپدانلىقىدىن مىڭدىن بىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان ياكى تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتلىرىگىمۇ بۇ مىجەز سىڭگەن.

**3. تۈركىيە ياشلىرى تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ يايغۇچىسى ۋە تەشەببۇسچىلىرىكەن**

دەسلەپكى كۈنلىرىمدە ياش باللارنىڭ سالاملىشىشلىرى ماڭا تولىمۇ رەڭگارەڭ كۆرۈندى. بىرلىرى چېكىلىرىنى يېنىك سوقۇشتۇرۇپ كۆرۈشسە، بىرلىرى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى، بىرلىرى قول ئېلىشسا، يەنە بىرلىرى يۈز يېقىشاتتى. بۇنىڭغا قاراپ مەن ئۇلار بىلەن قانداق سالاملىشىشنى بىلەلمەي يۈردۈم. كېيىن ئۇقسام كۆرۈشۈش شەكلى ئىدىيىسىگە قاراپ ئوخشىمايدىكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدىكەن. مەسالەن، قۇلىقىغا ھالقا تاقىغان، بويىنىغا زۇننار، زەنجىر دىگەنلەرنى ئاسقان ئوغۇللار كوممۇنىستلار ئىكەن. ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خىل قويۇلغان بۇرۇتلاردىنمۇ ئىدىيە ئىپادىلىنىدىكەن. دېمەك، تۈركىيەدە ياشلار تۈرلۈك مەسلەكلەرگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتلەرگە تەشكىللىنىپ قىزغىن ئىدىيىۋى رىقابەت ئىچىدە ياشايدىكەن. تۈركىيەدە بولىدىغان نامايىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن ياشلار كۆپ نىسبەتنى تەشكىل قىلىدىكەن. 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى كۈنى ئەنقەرەنىڭ مەركىزىي مەيدانى سانىلىدىغان قىزىل ئايدا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرگەن، ئىنتېرناتسىئونال مارشنى ياڭرىتىپ نامايىش قىلىۋاتقان كوممۇنىست ياشلارنى كۆردۈم. ئۇلار كوچىدا كېتىۋاتقانلارغا كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان رىسالە ۋە ۋەرەقچىلەرنى تارقاتتى. نامايىشچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ بىزدە ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان ساباھەددىن ئەلى، نازىم ھېكمەت، ئەزىز نەسىن قاتارلىقلارنىڭ تۈركىيەدىكى كوممۇنىست ياشلارنىڭ پەخرى ئىكەنلىكەدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇلار جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسى، دەپ قارايدىكەن. ئۇلارچە تۈركىيىمۇ ئەگەر جۇڭگودەك كوممۇنىستىك ئىدىيە بويىچە باشقۇرۇلسا غەرب ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇلار جۇڭگونىڭ كۈچلىنىپ ئامېرىكا «جاھانگىرلىكى»گە زەربە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. لېكىن كوممۇنىستلار ئاۋام تەرىپىدىن ئانچە خۇش كۆرۈلمەيدىكەن. بىر ئۇيغۇر ۋەتەندىشىمىز ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىجارە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ئۆيىدىن سىپايىلىك بىلەن «قوغلاپ» چىقىرىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**4. تۈركىيە ياشلىرى تەشكىللەش ۋە تەشكىللىنىشكە ماھىر، سالماق، پىشقان كېلىدىكەن**

4 ـ ئايلارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك، بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدىم. يىغىننى تارىختا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر يىگىت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. يىغىننىڭ تېمىسى «ئىسلام ۋە بىرلىك» بولۇپ، «دۇنيا بىرلىكى ۋە ئىسلام»، «ياۋروپا بىرلىكى ۋە ئىسلام»، «تۈركىيە بىرلىكى ۋە ئىسلام» دېگەن كىچىك تېمىلاردا لېكسىيە ۋە مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق كىشى ئاساسەن ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىغىننى شۇنچە ئىدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك باشقۇرۇشلىرىغا، ئۆز كەسپىي نۇقتىسىدىن چىقىپ ھەر بىر مەسىلىگە مەنتىقىلىق جاۋاب بېرىشلىرىگە، سۆز جۈملىلىرىدىكى راۋانلىق، پاساھەتكە، كەلتۈرگەن پاكىتلىرىدىكى دەلىللىك ۋە توغرىلىقىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، يىغىننى تەشكىللىگەن مۇھەممەدتىن سەل كەم ئون ياش چوڭمەن. مەن بۈگۈن يىغىلغان ئادەمنىڭ يېرىمىنى تەشكىللەپ بىر ئىش قىلالارمەنمۇ؟ يىغقان تەقدىردىمۇ مەكتەپتىن يىغىپ بەرگەن ھالەتتە ئۇلارنى زېرىكتۈرمىگىدەك نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ مەسىلە مېنىڭ تەشكىللىيەلمەسلىكىمدىمۇ ياكى ياشلىرىمىزنىڭ تەرتىپسىزلىكىدىمۇ؟ مۇھەممەد ئالىي مەكتەپتە فوند جەمئىيەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، پارچە ئىش تېپىپ ئىشلەپ ئوقۇپتۇ. مەن ياتاق، سىنىپ، كۇتۇپخانا ئارىسىدا قاتراپ ئائىلەمگە تايىنىپ ئوقۇدۇم. مۇھەممەد ئوقۇش پۈتكۈزۈپ دوستلىرى بىلەن بىرلىشىپ شىركەت قۇرۇپتۇ. مېنى ئاكام يول مېڭىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. مۇھەممەد ھازىر شىركەتتە پىلان ـ مۆلچەر خىزمىتىنى قىلىدىكەن، مەن پىلان ـ مۆلچەرلىرى ئاللىقاچان تۈزۈلۈپ بولغان ئورۇندا بۇيرۇغاننى قىلىمەن. مۇھەممەدنىڭ ھازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن، مېنىڭ ئۇ چاغدا تېخى بالام يوق ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ياشتا چوڭ بولغان بىلەن ئىشتا تولىمۇ خام ھېس قىلدىم. مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە ئاۋۋال ئاتا ـ ئانامغا، ئاندىن ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ياشاۋاتقان تۇرسام نەدە، قانداق پىشىمەن.

**5. تۈركىيە ياشلىرى تەنتەربىيىگە ھەۋەسمەن، جۇشقۇن كېلىدىكەن**

تۈركىيە ياشلىرى بىر ـ بىرىدىن ئەڭ كۆپ سورايدىغان سوئال «يۇرتۇڭ قەيەر؟» بىلەن «قايسى كوماندىدىن؟» بولۇپ ھەر بىر ياشنىڭ ئۆزى سۆيىدىغان كوماندىسى بولىدىكەن. فەنەرباغچە (پەنەرباغچە) گالاتاساراي، بەشىكتاش (بۆشۈك تاش) قاتارلىق پۇتبول كوماندىلىرى ياشلار ئەڭ ياقلايدىغان كۇلۇپلار ئىكەن. ئارام كۈنلىرى ياشلار ئۆزلىرى تەۋە كوماندىلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مارشلىرىنى توۋلىشىپ كەسكىن مۇسابىقىلىشىدىكەن. ھەتتا ھەرقايسى كوماندىلارنىڭ مۇسابىقىلىرىگە كۆرگىلى بارغان ياشلار ئۆزى سۆيگەن كوماندىسى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كوماندا بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ پىيادە ۋە ماشىنىلىق نامايىش قىلىشىپ كېتىدىكەن، ھەر يىلى 4 ـ ئايدا تۈركىيەدە مەخسۇس ياشلىق ۋە تەنتەربىيە بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، تۈرلۈك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن تۈركىيە قىزىپ كېتىدىكەن. بۇ خىل تەنتەربىيە قىزغىنلىقى ۋە ياشلار تەنتەربىيىسىگە بولغان جەمئىيەتنىڭ مەدىتى تۈرك ياشلىرىنى ھەرقانداق رىقابەتكە يۈرەكلىك يۈزلىنەلەيدىغان، كەسكىن رىقابەت جەريانىدا ھەمكارلىقنى ھېس قىلالايدىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان روھىي ۋە جىسمانىي ساپادا تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئويناۋېتىپتۇ.

**6. تۈركىيە ياشلىرى ئۆزىگە ۋە ۋەتىنىگە مۇتلەق**



**ئىشىنىدىكەن، دائىم مەغرۇر ياشايدىكەن**

تۈرك ياشلىرىنىڭ مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ۋەتىنىگە بولغان مۇتلەق ئىشەنچى بىلەن مۇھەببىتى بولدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دۇنيادا تۈركىيەدەك قۇدرەتلىك، گۈزەل، مېھرى ئىسسىق دىيار زىنھار يوق ئىكەن. مەن ئۇلارنى بۇرۇن بۇ خىل كەيپىياتتا كۆرگەندە ۋەتەندىن ئايرىلغاندا ھەممە ئادەمدە بولىدىغان كەيپىيات، دەپ ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئادەتتە كوچىلاردا تۈرك بايرىقى سېتىلىدىكەن، كىمنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز بىردىن تۈرك بايرىقى ئېسىقلىق، ھەتتا ياتاقداشلىرىم تۇغۇلغان كۈن تورتىنىمۇ تۈرك بايرىقى شەكلىدە ۋە رەڭگىدە ئەتكۈزۈپ يېيىشىدۇ. مەن ئالتە ئاي تۈرك ياشلىرى بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا چوڭ بايلارنىڭ بالىلىرى بىلەنمۇ، كۆك نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەنمۇ ھەمسۆھبەت بولدۇم. ئەڭ باي رايونلىرىدىن كەلگەنلەر بىلەنمۇ، ئەڭ نامرات يەرلەردىن كەلگەنلەر بىلەنمۇ مۇڭداشتىم. ئۇلاردىن ئورتاق ئالغان تەسىراتىم ئۆزىگە بولغان مۇتلەق ئىشەنچ بولدى. ئۇلار ئادەتتە نامرات بولسىمۇ، بايدەك غۇرۇر بىلەن ياشايدىكەن، ئاجىز بولسىمۇ پالۋاندەك مەغرۇر ھۆركىرىيەلەيدىكەن. بىر كۈنى تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كۇرتلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىن كېلىپ ئەنقەرەدە ئالىي ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان بىر قانچە كۇرت بالىنىڭ ياتىقىدا مېھمان بولدۇم. ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ بىنانى بىر تۈرك باي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقسىز تۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋەتكەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ دۆلەت، ۋىلايەت، ناھىيە قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى، شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭمۇ مۇكاپاتلىرىغا ئىلتىماس سۇنسا بولىدىغانلىقىنى، رامىزان ۋە قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە قوشنا - قولۇملارنىڭ ۋە ساخاۋەتچىلەرنىڭ خەير - ئېھسانلىرىغا نائىل بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىسى مېنى قايىل قىلدىكى، ئۇلار بۇ ياردەملەرنى ئالغانلىقلىرىدىن ئۆزىنى بىقوۋۋۇل، تۆۋەن ھېس قىلمايدىكەن، بۇ مەدەتلەرنىڭ تامامەن ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىكەن. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە ئەمەس، پۇقرالارنىڭ مائارىپىغا سېلىنغان مەبلەغ، تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ ۋە تۈركىيىلىكلەرنىڭ بۇرچى، دەپ قارايدىكەن. ۋەتەنگە بولغان ئىشەنچ، جەمئىيەتنىڭ باغرىدىكى مېھىر ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىك تەلپۈنۈش تۈركىيە ياشلىرىنىڭ مەغرۇر ياشىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىم تۈركىيە ياشلىرىنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىراتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى. مېنى ئەڭ قايىل قىلغان پارچىلىرى، خالاس. بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىم سورار: «سەلبىي تەسىراتلار پەقەت بولمىدىمۇ؟»، دەپ. بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ ياش - يۇسەنلەرنىڭ كېچىدە پائالىيەت قىلىپ كۈندۈزى ئۇخلايدىغان خۇيى، تۈركىيىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە بۈگۈنىنى ھە دېسىلا كۆپتۈرۈپ - قالپايتىپ سۆزلەشلىرى، تولا يالغان ۋەدە بېرىشلىرى، تۈركىيە ھەققىدىكى سەلبىي باھالار بىلەن خوشسىزلىقى، ئەھۋالىڭنى تۈزۈك ئاڭلا - ئاڭلىماي يول كۆرسىتىپ، ئىش ئۆگىتىشكە ئامراقلىقى قاتارلىقلار. بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنىلا بىلىپ بۈگۈنىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن، يۇرتىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە بەزى بىمەنە تۇيۇلىدىغان سوئاللارنى سورايدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ بۇنىمۇ نۇقسان سانايدۇ. مەنچە بۇ ئومۇمىي ھادىسە ئەمەس، دۇنيادا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خەلقى بىلەن تۈركىيىلىكلەر بىزنى ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ. پەقەت بىلمەيدىغانلىرى نامىمىزنى بولسىمۇ بىلىدۇ. تۈركىيە ياشلىرىنىڭ ئۆتمۈشىمىز ھەققىدىكى بىلىملىرى ئۇلارنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىن كەلگەن. ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئۇلارغا بىلدۈرىدىغان ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە بىز ھەققىدىكى مەلۇمات ئاز ھەم يۈزەكي. شۇڭا، ئارتۇقچە ئاغرىنىش بىھاجەت. دۇنيانىڭ بىزنى چۈشىنىش ئارزۇسى بار، پەقەت بىز چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمايۋاتىمىز. چۈشىنىش ھۆرمەتنىڭ، شەپقەتنىڭ ۋە مەنپەئەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ يازما ئارقىلىق بىز تۈركىيە ياشلىرىنى چۈشەندۈردۇق. بەلكىم شۇئاندا بىر تۈركىيىلىك بىزنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# خوتەن قاشتېشىنىڭ سالامەتلىككە بولغان شىپالىق رولى

ئوبۇلھەسەن داۋۇت

خوتەن قاشتېشىنى قەدىمىي دەۋرلەردىن باشلاپ پادىشاھ جەمەتى ۋە باي ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەيدىغان قىممەتلىك ئېسىل بۇيۇم سۈپىتىدە تاقاپ كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن قاشتېشى ساغلاملىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە كۆپلىگەن شىپالىق، خاسىيەتلىك رولLارغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىدە «قاشتېشى يۈرەكنى سەگىتىدۇ، يۈرەكتىكى قىزىقلىقنى ۋە دەردنى ئالىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

2. قاشتېشى مارجاننى ئۇزۇنراق تىزىپ بويىنغا سېلىۋالسا ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ، قارا بېسىش، چۈشىدىن قورقۇش، چۆچۈش، تەشۋىشلىنىشنى تۈگىتىدۇ، ئۇيقۇسىنى شېرىن، يېتەرلىك راھەت قىلىدۇ.

3. قاشتېشى بىر خىل سۈزۈك، چاقماق ئېسىل تاش بولۇپ، ھەرخىل رەڭدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكى ئادەمنى گۈلدۈرمامىدىن، چاقماق چېقىلىرىدىن قورقۇشتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ساقلايدۇ. شۇڭا قاشتېشىنى ۋە قاشتېشى ئۈزۈك، قاشتېشى مارجانلارنى ھەمراھ قىلىش كېرەك. ئۈزۈككە كۆز قىلىپ ياسىتىلىپ قولغا سېلىنسىمۇ بولىدۇ.

4. قاشتېشى دۆلەت گۆھىرى، تەۋەررۈك بۇيۇم بولۇپ ئەجدادلىرىمىز ئۇنى قىممەتلىك زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدىلا ئىشلىتىپ قالماي، قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن، ئۇيغۇر تېبابىتىدە يەنە ئاق قاشتېشىنى ئېزىپ ئۇنىڭ تالقىنى بىلەن شاپتۇلنىڭ قۇرۇتۇلغان چېچىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان ئۇپىنى تېرىگە سۈركەش ئارقىلىق ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىدا پەيدا بولغان ئاق كېسەل (بەرەس) ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتقان.

5. خوتەندە ئۆتكەن مەرھۇم ئاتاقلىق ئۇستاز تېۋىپ ئەھمەت ھاجىم «ئايالLار كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا قاشتېشىنى سۇغا سۈرۈپ ئىچىشنى ياكى قاشتېشى چىلانغان سۇنى ئىچۈرۈش ئارقىلىق ئايالLار كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقان ۋە روھىي كېسەللىكنىمۇ داۋالاپ ساقايتقان.

6. يۈرەك كېسەللىكى بارلارغا بويىنغا قاشتېشى مارجان، قاشتېشى بىلەيزۈك، قولغا قاشتېشى بىلەيزۈك سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان، نەتىجىدە بۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

7. ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدە مۇرەككەپ رېتسېپلىق دورىلارغا قاشتېشى تالقىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

8. ئۆيدە، ئىشخانىدا ياكى يېنىدا قاشتېشى ھەمراھ قىلىپ، كەيپىياتى ياخشى بولمىغان چاغدا، پىسخىكا جەھەتتىن تۇسالغۇغا ئۇچراپ بىئاراملىق ھېس قىلغاندا ياكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقاندا، قايغۇ ياكى دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچرىغان چاغدا قاشتېشىنى قولغا ئېلىپ ۋە ئۇنى كۆرۈپ ياكى قولدا سىلاپ بەش ـ ئون مىنۇت ئويناپ بەرسە، دەرھال كەيپىياتى ياخشىلىنىپ ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە ۋە خۇشال ھېس قىلىدۇ.

9. كۆزىگە ئاق چۈشكەن، كۆز نۇرىنى يىغالمايدىغان كىشىلەر ئاق قاشتېشىنى كۆز ۋە كۆز ئەتراپىغا سۈرۈپ بەرسە شىپالىق ئۈنۈمنى كۆرىدۇ، قولى تىترەيدىغان، يۈزىنىڭ قان ـ تومۇرلىرى پالەچلەنگەن، ئاستىنقى قاپقى لىپىلداپ تۇرىدىغان، كۆزى ياكى ئېغىزى مايماق بولۇپ قالغان كىشىلەرمۇ قاشتېشىنى شۇ جايغا سۈرۈپ بەرسە ۋە قاشتېشىنى ئېقىن سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈيىنى ئىچسە كېسىلى شىپا تاپىدۇ.

10. مىللىتىمىزدە خېلى بۇرۇندىن باشلاپ سۇ چېچىلىدىغان ئىدىش، كوزا، تۇڭلىرىغا، چېلەك، چەينەك، سۇ قاپاقلىرىغا قاشتېشى سېلىپ، قاشتېشىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

11. قاشتېشى سۇدىكى تاش ئېرىتمىلىرىنى سۈزىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىغا تاش چۈشۈش، بۆرەك قاناللىرىغا تاش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

خوتەندىكى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى ئېقىن سۈيىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىغا چۆككەن تاشلارنى ئېرىتىپ چۈشۈرۈش، يۈرەكنى ساغلاملاشتۇرۇش، تېرىنى رەڭدار، پارقىراق قىلىش، چىرايلىق قىلىشتەك شىپالىق رولLارغا ۋە خاسىيەتلىك دورىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇشى بۇ دەريالاردا قاشتېشى مەنبەسىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن)



# 90 يېشىڭىزغا مۇبارەك!


هېيتەم ھۇسەيىن

(ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)


(مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى، ئاتاقلىق ماناسچى جۇسۇپ مامايىنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە سۆزلەنگەن سۆز)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، قەدىرلىك قېرىنداشلار، دوستلار، يولداشلار!

بىز بۈگۈن تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق ئىلكىدە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۈيۈك سەنئەت پېشۋاسى، قىرغىز خەلقىنىڭ تۆھپىكار غەيۇر ئوغلانى، مەشھۇر ماناسچى جۇسۇپ ماماي ئاقساقالنىڭ 90 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كاتتا مەرىكىگە داخىل بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز. مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى، ھەيئەت رىياسىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ۋاكالىتەن ھەممە ئۆز نامىمدىن بۇ قۇتلۇق تويىنىڭ ئۆزىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى جۇسۇپ مامايىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان ئاقچى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! تويىغا قۇتلۇق بولسۇن، جۇسۇپ ماماي ئاقساقالغا مۇبارەك بولسۇن! ھەممىمىزگە تويى ئۇستىگە توي بولسۇن!

باھار يېتىپ كەلگەن، تاغ ـ دالا ئىللىق نۇرغا چۈمگەن، كائىنات زىمىستاننى ئۇزىتىپ، شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان پۈتۈن ئالەم يېشىل كۆكلەم پەيزىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان، ئەركىن نەپەسلىنىۋاتقان گۈلگۈن كۈنلەردە، تاغلار ئارىسىدىكى مەرۋايىت زېمىن ئاقچى دىيارىدا قىرغىز خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، يۇرتىنىڭ تەلەي يۇلتۇزى، ئىككى ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانى جۇسۇپ مامايىنىڭ 90 ياشلىق تەۋەللۇتىغا بېغىشلانغان مۇشۇنداق بىر خاسىيەتلىك پائا-

www.uyghurkitap.com



لىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ بىللە قاتنىشىش پۇرسىتىنىڭ نېسىپ بولۇشى بىزنىڭ كۆكۆل ئالبومىمىزدا مەڭگۈلۈك ئەستىلىك بولۇپ قالغۇسى. بۇنداق پۇرسەت ئىنسان ھاياتىدا ئانچە كۆپ تەكرارلانمايدۇ. مەنمۇ بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتنىشالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلماقتىمەن.

ئۇستاز سەنئەتكار جۇسۇپ ماماي ئىنسانىيەت تىل سەنئىتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولغان «ماناس» ئېپوسىنى ۋە باشقا قىرغىز خەلق داستانلىرىنى ئاغزاكى ساقلاپ قالغان، ئەۋلادلارغا تەۋەررۈك مىراس قاتارىدا يەتكۈزۈلگەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاسمىنىدا ئەبەدىي چاقناپ تۇرىدىغان چولپان يۇلتۇزدۇر. ناۋادا تۇردى ئاخۇن مۇقامچى بولمىغان بولسا بىباھا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دەرۋىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. ئوخشاشلا ئەگەر جۇسۇپ ماماي ئاقساقال بولمىغان بولسا «ماناس» ئېپوسىمۇ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئالەمشۇمۇل تۆھپىدۇر. ئۇلارنىڭ شانلىق نامى ئىنسانىيەت سەنئەت تارىخىي سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

جۇسۇپ ماماي يالغۇز قىرغىز خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ۋە ئورتاق بايلىقى. نۆۋەتتە ئۇ ۋارىسلىق قىلغان ئاغزاكى مىراسلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا ۋە كۈنسېرى تەڭداشسىز گۆھەرگە ئايلانماقتا. شۇڭا بىز «زامانىمىزدىكى تىرىك گومېر» ئاتالغان بۇ مۆھتەرەم بوۋاينىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز، ئۇنى مەڭگۈ ئىززەتلىشىمىز لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جاھان ئىلىم ساھەسى خەلق مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە قۇتقۇزۇشقا تەخىرسىز ھالدا كىرىشمەكتە. خەلق مىراسلىرى ساپ، تولۇق ساقلىنىپ قالغان مىللەتلەر ۋە رايونلارغا دۇنيا ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتلىرى ۋە ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت نەزەرى چۈشمەكتە. جۇسۇپ مامايىنىڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاقچى ناھىيىسىمۇ دۇنيا كۆز تىككەن، ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق داڭدار يۇرتقا ئايلانماقتا. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىز ياراتقان بۈگۈنكى يېڭى دەۋران ئېلىپ كەلگەن غەنىيمەت پۇرسەت ۋە ئامەت. 2005 ـ يىلى دېكابىر ئۇلۇغ مۇزىكا قامۇسىمىز ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن مەدەنىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا رەسمىي كىردى. ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇلۇغ ئېپوسىمىز «ماناس»مۇ بۇ تۆرگە چوقۇم تاللىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇستاز جۇسۇپ ماماي پۇختا ئاساس سالغان، پارتىيە، دۆلەت ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇقەددەس ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەت. بۈگۈنكى بۇ ئۇنتۇلماس پائالىيەتكە قاتنىشىش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ خەلق سەنئىتىنى، خەلق سەنئەتكارلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، قوللاش جەھەتلەردىكى ئۈنۈملۈك ياردەملىرى نەتىجىسىدە «ماناس» ۋە ماناسچىلىق سەنئىتى، جۈملىدىن قىرغىز خەلقىنىڭ مەنىۋى مىراسلىرى تېخىمۇ يارقىن جۇلالىنىدۇ، ئېلىمىزگە ۋە دۇنياغا تېخىمۇ تونۇلىدۇ.

ئاخىرىدا يېتۈك ماناسچى، ھۆرمەت ساھىبىمىز جۇسۇپ ماماي ئاقساقالنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلانغان بۇ تەنتەنىلىك مەرىكىگە مۇۋەپپەقىيەت، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ چوڭ ئامەت، ئىجادىيىتىگە بەرىكەت، قومۇزىغا تېخىمۇ زور شۆھرەت، خۇشناۋا كۈيلىرىگە تېخىمۇ سەلتەنەت، تېنىگە ساقلىق، دىلىغا نۇسرەت تىلەيمەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتالغان بىر كۇپلېت مەدھىيەم بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

جۇسۇپ ئاتا، ئۇستاز ئاتا، پەخرىمسەن،
بۈيۈك تۆھپەڭ ئۇنتۇلماس، بىباھادۇر.
ساڭا دىلدىن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن،
ھۆرمىتىمگە تەڭرىتېغى گۇۋاھدۇر!



# خوتۇنىدىن يامانلىغاق

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنى ئۆيلىگەن بولۇپ، ئۇ ئائىلىدە دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، كىچىك ئوغلىنى ئۆيلىمىگەنىكەن، ئۇ تاغدا مال باقىدىكەن.

باي كىچىك ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ چوڭ ئوغلىغا:

—سەن تاغقا چىقىپ مالدىن خەۋەر ئېلىپ تۇر، ئىنىڭنى قايتۇرۇۋەت، ئىنىڭنىڭ نىكاھ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، تويدىن كېيىن ئىنىڭ تاغقا چىققاندا سەن ئۆيگە قايتىپ كەل،—دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل تاغقا چىقىپ دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنىسىغا ئېيتىپتۇ. ئىنىسى:

—ئاكا، مەن مالدىن پەقەت ئايرىلالمايمەن، مەن كېتىپ قالسام، سىز مالنى تونۇمايسىز، يىتتۈرۈپ قويىسىز، تاپالمايسىز. باشقىلارنىڭ مېلىغا قوشۇلۇپ كەتسە ئىنى ئۆزگەرتىۋېلىپ «مېنىڭ دەپ تۇرۇۋالىدۇ». تاغنىڭ قائىدىسى بويىچە تونۇۋالغان تەقدىردىمۇ قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، شۇڭا مەن بارمايمەن،—دەپتۇ. ئاكىسى:

—ئۇكام، نىكاھ ئىشى باشقا ئىشقا ئوخشىمايدۇ، سىز بارمىسىڭىز نىكاھنى قانداق ئوقۇيدۇ؟ سىز چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك،—دەپتۇ. ئىنىسى:

—ئۇنداق بولسا پىچىقىمنى سىزگە بېرەي، نىكاھنى پىچىقىمغا ئوقۇسۇن. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پىچىقىمنى ئەپكېلىپ بېرىڭلار،—دەپتۇ. ئاكىسى ئىنىسىنىڭ پىچىقىنى غىلىپى بىلەن ئېلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭغاندا ئىنىسى بىر ئىشنى ئېسىگە سېلىپ ئاكىسىغا:

—ئاكا، يولدا دۆڭ مازاردىكى بۇلاقتىن يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچمەڭ جۇمۇ، چاتاق چىقىدۇ،—دەپتۇ. ئاكىسى «ھە»لا دەپتۇ ـ دە، ئېرەڭشىمەي كېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ پىچاق دۆڭ مازاردىكى بۇلاقتىكى سۇ ئادىمىدىن تارتىۋالغان پىچاق ئىكەن.

چوڭ ئوغۇل دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تويىنى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى، ئىنىسىنىڭ تويىنى چوڭ تەييارلىق قىلىپ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىنىسىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە كىرمەي بىر پىچاقنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ئويلاپ مېڭىپ مازار بۇلاقتا توختىماي ئۆتۈپ كېتىپ ئۆيگە بېرىپتۇ ۋە ئىنىسىنىڭ دېگەنلىرىنى دادىسىغا ئېيتىپ پىچاقنى بېرىپتۇ. توي باشلىنىپتۇ، ئەل ـ جامائەت گۇۋاھ بولۇپ قىزنى كىچىك ئوغلىنىڭ پىچىقىغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. باي چوڭ ئوغلىنى پىچاقنى كىچىك ئوغلىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل پىچاقنى ئېلىپ تاغقا كېتىۋېتىپ، دۆڭ مازاردىكى بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، بىردىنلا ئىنىسىنىڭ گېپى يادىغا كېلىپ «بىر دۈم يېتىپ سۇ ئىچىپ باقايچۇ، قانداق بولىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، دۈم يېتىپ بۇلاققا تۇمشۇقىنى چىلىشىغا، سۇ ئىچىدىن بىر قول چىقىپ كانايدىن ئاپتۇ ـ دە، بېشىنى سۇغا تىقىپ پىچاقنى تارتىۋاپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئىنىسىنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بېرىپ پىچاقنى تارتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىنىسى باشقا گەپ قىلماي «بوپتۇ» دەپلا قويۇپتۇ.

مالنى مەھەللىگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىكەن، ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى مالنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتىپ كەپتۇ. باي ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ياساپ ـ جابدۇپ قويغان ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. كىچىك ئوغۇل خوتۇنىغا چىرايمۇ ئاچماپتۇ، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلماپتۇ. ئاخشىمى خوتۇنى بىر جايغا ئورۇن سالسا ياتقىلى ئۇنىماي باشقا جايغا سېلىپ يېتىۋاپتۇ. بۇنداق ئىش بىر قانچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان باي ئوغلىنى چاقىرىپ:

—ھەي بەدبەخ، مەن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بۇ خوتۇننى ئېلىپ بەرسەم، نېمە مېكىياندىن قورققان خورازدەك قېچىپ يۈرۈيسەن؟ مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقان، بۇ

نېمە قىلىق؟ــ دەپتۇ. كىچىك ئوغۇل:

ــ دادا، بۇ خوتۇننى مېنىڭ پىچىقىمغا نىكاھ قىلغان تۇرساڭلار، غىلاپ بىلەن پىچاق يېنىمدا بولمىسا، بۇ خوتۇن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويسام دۇرۇس بولامدۇ؟ــ دەپتۇ. باي كىچىك ئوغلىنىڭ دېگەن گېپىدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇرماقچى بولغاندا كىچىك ئوغۇل قېچىپ كېتىپتۇ.

كىچىك ئوغۇل بىر يەرلەردە كېتىپ بارسا، بىر ئادەم بىردەم ئوڭ قۇلىقىنى، بىردەم سول قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ يېنىچە ياتقۇدەك، يەنە بىردەم ئۆرە تۇرغۇدەك. كىچىك ئوغۇل يېنىغا كېلىپ:

ــ ھەي ئاغىنە، سەن زادى نېمە ئادەم؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن يەر تىڭشىغاق، سەنچۇ؟ سېنىڭ نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ــ دەپتۇ ئۇ كىشى. كىچىك ئوغۇل:

ــ مەن خوتۇندىن يامانلىغاق، خوتۇنۇمدىن يامانلاپ قېچىپ كەلدىم، ئەمدى جاھان كېزىمەن. ئىشى ئاسان، پۇلىسى جىق يەرنى تاپسام ئىشلەيمەن،ــ دەپتۇ.

ــ بىردىن ئىككىسى ياخشى، مەنمۇ سەن بىلەن ماڭاي،ــ دەپتۇ يەر تىڭشىغاق. ئىككىسى يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، بىر ئادەم جەرەندەك سەكرەپ يۈرگۈدەك. ئىككىسى:

ــ ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ نېمشقا توختىماي سەكرەپ يۈرۈيسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

ــ مەن چاققان ئوغۇل، سىلەر نېمە ئادەم؟ــ دەپتۇ.

ــ مەن خوتۇندىن يامانلىغاق،ــ دەپتۇ كىچىك ئوغۇل.

ــ مەن يەر تىڭشىغاق،ــ دەپتۇ يەر تىڭشىغاق. چاققان ئوغۇل:

ــ سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئىككىسى:

ــ تاغ ئارىسىدا بىر يۇرت بارمىش، ئىشى ئاسان، پۇلى جىقمىش، شۇ يەرگە ماڭدۇق،ــ دەپتۇ. چاققان ئوغۇل:

ــ ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە باراي، ئۈچىمىز دوست بولايلى،ــ دەپتۇ. بۇ ئۈچى بىرلىكتە يولغا چىقىپتۇ. بىر يەرلەردە كېتىپ بارسا، كىچىككىنە بىر شۈمەتەك ئىككى تاغنى ئىككى قولىغا ئېلىۋېلىپ بىر ـ بىرسىگە سوقۇشتۇرۇپ ئويناۋاتقۇدەك. بۇ ئۈچى ئەجەبلىنىپ شۈمتەكنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ــ دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بالا:

ــ مەن تاغ سوقۇشتۇرغاق، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ قاياققا ماڭدىڭلار؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئۈچى ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ ھەم مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئېيتىپتۇ. بۇلارغا تاغ سوقۇشتۇرغاقمۇ قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ، ئۇلار كېتىۋېتىپ بىر چوڭ دەرياغا دۇچ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىردەم شۇنچە چوڭ دەريادا بىر تېممىمۇ سۇ قالمىغۇدەك، بىردەم ئىككى قاش كۆرۈنمىگۈدەك سۇ كېلىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقۇدەك، بۇلار بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ، ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىسا، بىر بالا «ھوپ» دەپ دەريادا بىر تېممىمۇ سۇ قويماي سۈمۈرۈۋېلىۋاتقۇدەك، يەنە تۇرۇپ «پوۋ» دېسە ئىچىدىكى سۇ دەرياغا قويۇلۇپ، دەريا تېشىپ كېتىۋاتقۇدەك. تۆتى بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ــ دەپ سوراپتۇ. بالا:

ــ مەن سۇ باتۇرى، سىلەرچۇ، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ــ دەپتۇ. تۆتى ئۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ھەم قاياققا، نېمشقا ماڭغانلىقلىرىنى دەپتۇ. بۇلارغا سۇ باتۇرىمۇ قوشۇلۇپ، بەشى يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر دەريا بويىغا كەپتۇ، قارىسا دەريانىڭ ئىككى قېشىدا ئىككى چاشقان بىر ـ بىرسىگە تەلمۈرۈشۈپ، چىرىلدىشىپ، دەريادىن ئۆتەلمەي تۇرغۇدەك. چاشقاننىڭ بىرسى چىشى، بىرسى ئەركەك ئىكەن. تۆتى سۇ باتۇرىغا:

ــ قارىغاندا بۇ ئىككى چاشقان بىر ـ بىرسىگە ئاشىق ئىكەن، بىراق سۇدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپتۇ. سەن سۇنى توختىتىپ تۇرساڭ، ئۇلار بىر تەرەپكە ئۆتۈپ ۋىسالىغا قېنىۋالسا قانداق؟ــ دەپتۇ. سۇ باتۇرى «ھوپ» دەپتىكەن، سۇ چىپپىدە توختاپتۇ. ئەركەك چاشقان دەريادىن ئۆتۈپ چىشى چاشقاننىڭ قېشىغا كېلىۋاپتۇ ۋە بەش كىشىگە قاراپ:

ــ سىلەرگە كۆپ رەھمەت، مەن چاشقانلارنىڭ پادىشاھى، سىلەر ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭلار، مانا ماۋۇ بۇرۇتۇمنى سىلەرگە بېرەي، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭلار مەن شۇ ھامان ھازىر بولىمەن ـ دە، مۈشكۈلۈڭلارنى ئاسان قىلىمەن،ــ دەپتۇ ـ دە، بىر تال بۇرۇتىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار چاشقاننىڭ بۇرۇتىنى ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بەشى بىر يەرلەردە كېتىپ بارسا، نۇرغۇن جامائەت ئۇچراپتۇ. بەشى جامائەتتىن:

ــ نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟ــ دەپ سوراپتۇ. جامائەت ئىچىدىن بىرەيلەن:

ــ پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار. پادىشاھ ئىشىكى ئالدىدىكى ھاڭگا تېرەك كۆتىكىنى كىم يارالىسا قىزىنى شۇنىڭغا بەرمەكچى، يارالمىسا بېشىنى ئالماقچى بولغانىدى. ھازىرغىچە بىرەرمۇ يىگىت شەرتنى ئورۇندىيالمىدى. نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ باشلىرى كېسىلدى، ھازىر جازا مەيدانىدىن قايتىپ كېلىشىمىز،ــ دەپتۇ.

بەش دوست «بىزدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇ-لالمايدۇ. بىزمۇ تەلىيىمىزنى بىر سىناپ كۆرەيلى، شەرتنى ئورۇنداپ قىزنى ئالساق، بىزگە تاماق ئېتىپ بەرسىمۇ ھېساب» دېيىشىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ شەرتنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. تاغ باتۇرى پادىشاھقا:

—شەھەردىكى بارلىق پۇقرالار ئۈچ كۈنلۈك يىراققا كەتسۇن، بولمىسا ئوتۇن پارچىسى تېگىپ ئۆلۈم ئىشى كېلىپ چىقىدۇ،—دەپتىكەن، شەھەر خەلقى «نېمە بولساق مەيلى، ھېچيەرگە كەتمەيمىز، بۇنداق پوچىلارنى تولا كۆرگەن» دېيىشىپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. تاغ باتۇرى «مەيلى ئەمىسە، ئۆز گۇناھىڭلار ئۆزۈڭلەرگە» دەپ پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆتەككە بىرنى چاپقانىكەن، كۆتەك پارچىلىرى ئاسمان پەلەك چاچراپ بىر كۈنلۈك يەرگىچە بېرىپ چۈشۈپتۇ. كۆتەك پارچىلىرى تېگىپ كېتىپ بىر قىسىم ئادەملەر ئۆلۈپتۇ، بىر قىسىم ئادەملەر يارىدار بوپتۇ. بەش دوست «پادىشاھ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ قىزنى بىزگە بەرسۇن» دەپ ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ئوردا ئىچىدە پادىشاھنىڭ قىزنى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتقان ۋەزىر، لەشكەر باشلىقلىرى ۋە ئەمەلدارلار كۆپ ئىكەن. بۇلار پادىشاھنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ: «ئى پادىشاھى ئالەم، ياقا-يۇرتتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرگە بىر كۆتەكنى يېرىپ قويسىلا قىز بەرگىلى بولمايدۇ، يەنە بىر شەرت قويايلى، ئۇنىمۇ ئورۇندىسا ئاندىن قىزنى بېرەيلى» دەپتۇ. پادىشاھ:

—ئەمدى قانداق شەرت قويىمىز؟—دەپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىر:

—ئوردىنىڭ ئالدىدىكى كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىدىن سۇ جىقلاپ بەرسۇن،—دەپتۇ.

ئەسلىدە بۇ كۆل بىر دەريانىڭ سۈيى بىر يىل كىرسىمۇ توشمايدىغان، بىر نەچچە يىل سۇ كىرمىسىمۇ سۈيى يېرىم چۈشمەيدىغان كۆل ئىكەن. پادىشاھ بەشىگە ئوردا ئالدىدىكى كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭى سۇغا توشقۇزۇپ بېرىش شەرتىنى قويۇپتۇ. ئۇلار ماقۇل بولۇپ كۆل بېشىغا كەپتۇ. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىمۇ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كۆل بويىغا يىغىلىپتۇ. سۇ باتۇرى ئوتتۇرىغا چىقىپ «ھوپ» دەپ بىرلا شوراپتىكەن، كۆلنىڭ سۈيى تۈگەپ ھەتتا بىر قات پاتقاقمۇ، باتۇرنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شەھەرنىڭ يېنىدا چوڭ بىر دەريا بار ئىكەن. ئاغزىدىكى سۈنى شۇ دەرياغا قۇيۇپ بەرگەنىكەن، دەرياغا پاتماي تاشقىن ھاسىل بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى «ئەمدى كۆلگە قايتىدىن سۇ جىقلانسۇن» دەپتۇ. سۇ باتۇرى شەھەر يېنىدىكى ھېلىقى دەريانىڭ سۈيىنى بىرلا سۈمۈرگەنىكەن، دەريا قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ. سۈمۈرگەن سۈنى كۆلگە قۇيغاندىكەن، ئەزەلدىن سۇغا توشۇپ باقمىغان كۆل توشۇپ، ئەتراپقا تېشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. لېكىن پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى يەنە ۋەدىسىدە تۇرماپتۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ پادىشاھلىق تەۋەيىمىزدە 800 دىن ئارتۇق چوڭ ئاشلىق ئامبارلىرى بار، ئاشلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن باشقۇرۇپ بولالماي سېسىپ كەتتى. ئامبارلارنى بىكارلاپ يېڭى ئاشلىق قويۇشقا كۈچىمىز يەتمەيۋاتىدۇ. ئۈچ كۈن ئىچىدە شۇ ئامبارلارنى بىكارلاپ، ئورنىغا يېڭى ئاشلىق تولدۇرۇپ بەرسەڭلار، ئاندىن مەلىكىنى بېرىمىز» دەپتۇ. بەش دوست بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بۇ ئىشنى ئورۇنداش ھېچقايسىمىزنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئەمدى بېشىمىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇق» دېيىشىپ تۇرغاندا، بىردىنلا چاشقان ئېسىگە كەپتۇ-دە، چاشقاننىڭ بۇرۇتىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى بۇلارنىڭ قېشىغا ھازىر بوپتۇ. بەش دوست پادىشاھنىڭ شەرتىنى چاشقانلارغا ئېيتقانىكەن، چاشقانلار پادىشاھى:

—بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش. بۇنداق ئىشلارنى قىلىش بىزنىڭ كۈندىلىك كەسپىمىز،—دەپتۇ-دە، بىرلا چىرقىراپتىكەن، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى چاشقانلار دەرھال يىغىلىپتۇ، بۇ جاي چاشقانلار دۇنياسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى:

—مۇشۇ شەھەر تەۋەلىكىدىكى 800 دىن ئارتۇق ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنى سىرتقا توشۇڭلار،—دەپ چاشقانلارغا بۇيرۇق قىپتۇ. چاشقانلار خۇشاللىقىدىن چىرقىراشقىنىچە ئىشقا كىرىشىپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاشلىقلارنى توشۇكلىرىگە ئەپكىرىپ، بولۇپ ئامبارلارنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى:

—ئەمدى ئامبارلار يېڭى ئاشلىقلارغا تولدۇرۇلسۇن!—دەپتۇ. چاشقانلار يەنە ھەرىكەتكە كېلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئامبارلارنى ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپرەك يېڭى ئاشلىققا تولدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ يېڭى ئاشلىققا تولغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ «بۇلاردا ھۈنەر تولىكەن، بۇلارغا شەرت قويۇپ تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك، قىزىمىزنى بەرمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئوخشايدۇ» دەپ باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا قارا نىيەت ۋەزىردىن بىرسى:

—بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش كېرەك،—دەپتۇ.

—قانداق ئۆلتۈرىمىز؟—دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر:

—«شەرتلەرنى ئورۇندىغىنىڭلار ئۈچۈن مەلىكىنى

MIRAS

سىلەرگە بېرىدىغان بولدۇق، نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن توي توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋالايلى» دەپ زىياپەتكە تەكلىپ قىلىمىز ـ دە، ئېشىغا زەھەر سېلىپ بېرىپ بىراقلا ئۆجۈقتۇرىمىز،ــــ دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت باشقىلارغىمۇ يېقىپتۇ.

يەر تىڭشىغاق يەر تىڭشاپ ئوردا ئىچىدىكى مەسلىھەتنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە:

ــــبۇرادەرلەر، ئوردا ئىچىدە بىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ تامىقىمىزغا زەھەر سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ــــ دەپتۇ. چاققان ئوغۇل:

ــــ سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن،ــــ دەپتۇ.

زىياپەت باشلىنىپ داستىخان سېلىنىپ ئاش تارتىلىپتۇ. پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى «قېنى ئالىلى، ئاشقا باقىلى» دېيىشكەچە چاققان ئوغۇل سارايىنىڭ تورۇسىغا قاراپ تۇرۇپ:

ــــبۇ ساراي ناھايىتى ياخشى سېلىنىپتىكەن، بىراق ئاشۇ بىر تال ئەگرى ياغاچ ئارىلىشىپ قاپتۇ. ئاشۇ بىر تال ئەگرى ياغاچنى تۈز ياغاچقا ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولار ئىكەن،ــــ دەپتۇ. پادىشاھ باشلىق ھەممە ئادەم سارايىنىڭ تورۇسىغا قاراپتۇ. چاققان ئوغۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى بەش لېگەن پولۇنى ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدىكى پولۇغا ئالماشتۇرۇۋاپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى «قايسى ياغاچ ئەگرىدۇ؟ قايسى ياغاچنى دەيدىغاندۇ؟» دېيىشىپ بىردەم ھاڭۋېقىپ قاراشقاندىن كېيىن «ئالىلى، ئاشقا باقىلى» دېيىشىپ، ئاش يېيىشكە كىرىشىپتۇ. ئاش يېيىلىپ بولۇشىغىلا بىر نەچچە ئەمەلدار ئۆلۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، تېخىمۇ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ قىزنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىراق قىزنى كىمگە نىكاھلاش ھەققىدە «خوتۇندىن يامانلىغاقتىن» باشقا تۆتى تالىشىپ قاپتۇ. تاغ سوقۇشتۇرغاق:

ــــمۇبادا مەن ئاشۇ ھاڭگىتىرەك كۆتىكنى يىرىۋەتمىگەن بولسام ھەممىمىزنىڭ بېشى كېتەتتى، شۇڭا قىزنى مەن ئېلىشىم كېرەك،ــــ دەپتۇ. سۇ باتۇرى:

ــــمۇبادا مەن كۆلنىڭ سۈيىنى قۇرۇقداپ، يېڭى سۇ قاچىلاپ بەرمىگەن بولسام ھەم بىر ـ بىرىگە ئاشىق چاشقانلار پادىشاھنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، 800 دىن ئارتۇق ساڭدىكى كېرەكسىز ئاشلىقلارنى يۆتكىتىپ، ئورنىغا يېڭى ئاشلىقلارنى قاچىلاتقۇزمىغان بولسام، ھەممىمىز ئاللىقاچان خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن بولاتتۇق. شۇڭلاشقا بۇ قىز ئەلۋەتتە ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك،ــــ دەپتۇ. يەر تىڭشىغاق:

ــــقىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر بۇرادەرلەر، مۇبادا مەن يەر تىڭشاپ، پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك مەسلىھەتىنى سىلەرگە يەتكۈزمىگەن بولسام، بۇ چاغقا ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى جەھەننەمدە كۆرەتتىڭلار، شۇڭلاشقا قىزنى چوقۇم مەن ئېلىشىم كېرەك،ــــ دەپتۇ. چاققان ئوغۇل:

ــــمۇبادا مېنىڭ چاققانلىقىم بولمىغان بولسا ئالدىڭلارغا كەلگەن پولۇنى يېمەي ئامالىڭلار يوق ئىدى. يېگەندىن كېيىنلا نەق مەيداندا ئۆلۈشەتتىڭلار، سىلەرنى مەن قۇتقۇزۇپ قالدىم، ئەلۋەتتە ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك. قىزمۇ ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك،ــــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆتىلىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ بىر ـ بىرسىگە يول قويۇشماي قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئارىدىن بىرسى چىقىپ:

ــــھەي ئاغىنىلەر، بىز ھەممىمىز ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىپ، شۇنچە يوللارنى بىرگە بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەندۇق. ئەمدى بىر قىزنى دەپ دوستلۇقىمىزنى بۇزمايلى، قارىغاندا تۆتىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ھۈنىرىمىز بار ئىكەن، ھۈنىرىمىزنىڭ خاسىيىتى بىلەن قانداقلا يەرگە بارساق قىز تېپىپ ئالالايمىز، كۆنىمىزنىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزەلىگۈدەكمىز. خوتۇندىن يامانلىغاقنىڭ خوتۇندىن يامانلاشتىن باشقا ھۈنىرىمۇ يوق ئىكەن. بۇ دوستىمىز ئاسانلىقچە خوتۇن تېپىپمۇ ئالالمىغۇدەك، شۇڭلاشقا بۇ مەلىكىنى خوتۇندىن يامانلىغاق دوستىمىزغا نىكاھلاپ قويامدۇق،ــــ دەپتۇ. باشقىلارمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. بىراق خوتۇندىن يامانلىغاق:

ــــمەن ئۆيدىن خوتۇنۇمدىن يامانلاپ قايتىپ چىققان تۇرسام، يەنە بۇ قىزنى مەن ئالامدىم؟ ياق ھەرگىز ئالمايمەن،ــــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. خوتۇندىن يامانلىغاقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قىزنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ ئىككىسىنى بىر ھۇجرىغا ئەپكىرىپ قويۇپ، تۆتى باشقا يۇرتقا كېتىپ قاپتۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە خوتۇندىن يامانلىغاق خوتۇنىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. خوتۇنى ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ بىر ياستۇققا باش قويۇشقىلى ئۇنىماپتۇ. «ئاخىر سىز بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە رازىلىقىم يوق» دېگەن سەۋەب بىلەن خوتۇندىن يامانلاپ ئۆيدىن يەنە چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە قىز پېتى دادىسىغا قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمەتنىياز تاش، 55 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق، كانچى يېزا 3 ـ كەنت 6 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق.

توپلىغۇچى: قەييۇم مەمتىمىن



# كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن

مۇھەممەد رەھىم

ھۆرمەتلىك ئىسھاق باستى ئەپەندى!

سىزنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق
2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ
تەمسىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇقەد-
دەس بۇرچىمىز» دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇپ خۇرسەن
بولدۇم. مەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ
ئىشنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ يۈرۈۋاتىمەن.
ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ماقال ـ تەمسىللەرگە
دىققەت قىلىۋاتىمەن. بىرمۇنچە زىيالىيلىرىمىزنىڭ «مۇ-
شۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق»، «ھەر كاللىدا ھەر
خىيال» دېگەندەك بۇزۇلغان ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەن
ماقال ـ تەمسىللەردىكى مەنتىقسىزلىكنى سەزمەيۋاتقان-
لىقىدىن بىزار بولۇپ بىر ماقالە يازدىم («ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىل 26 ـ فېۋرال كۈنە-
دىكى سانىدا).

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىر-
لىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاش
ئىشى ئۇزاق يىللىق، جاپالىق ۋە ئۇلۇغ ئەمگەك. ئا-
زادلىقتىن بۇيان بىز بۇ ساھەدە ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى
قىلدۇق. توپلاپ نەشر قىلىنغان ماقال ـ تەمسىللىرد-
مىزنىڭ ئۆزىلا ئون توپلامدىن ئاشىدۇ (ناھىيە، ۋىلا-
يەتلەرنىڭ توپلاملىرى بۇنىڭ سىرتىدا). لېكىن بۇ نە-
تىجىلىرىمىزنى نۇقسانسىز، تەلتۆكۈس دېيەلمەيمىز. سىز
تەكرار ئوقۇپ پىكىر يازغان بۇ توپلاممۇ شۇنىڭ ئىچى-
دە. مەن بۇ توپلامدىكى كەمچىلىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى
1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان قاتتىق مۇقاۋىلىق «ئۇيغۇر
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» توپلىمىدا تۈزەتتىم. تۈزد-
تىلمىگەنلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئەمدى مەن سىزنىڭ ماقالىڭىز ئۈستىدە توختىلاي:

سىز ماقالىڭىزنىڭ 2 ـ ئابزاسىدا: «بۇ ساھەدە ئىلى
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماقال ـ تەمسىل ۋە ئاتىلار سۆزلىرى
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر
ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ»
دەپسىز. سىز ئىلىدىن باشقا جايلارنىڭ ماقال ـ تەمسى-
لىرىنى توپلىغان ۋە ئۆگەنگەن بولسىڭىز بۇ گەپنى
قىلمايتتىڭىز. ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئېتنوگرافىيىلىك
پەرقلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ماقال ـ تەمسىللەرنى
ياراتقان. ھەممە جاينىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئۆزگىچە
ئالاھىدىلىك بار. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدا خامانى
تۇلۇق بىلەن يۇمشاتسا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئات، ئې-
شەككە دەسسىتىپ يۇمشىتىدۇ. مۇشۇ ئۆزگىچىلىكتىن
«تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس» دېگەن تەمسىل
خاراكتېرلىك ماقال بارلىققا كەلگەن.

1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ما-
قال ـ تەمسىللىرى» توپلىمىدىكى كەمچىلىكلەرنى سىز
تۆت نۇقتىغا ئايرىپ چۈشەندۈرۈپسىز:

1. باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ماقال ـ تەمسىللەر
توغرىسىدىكى پىكرىڭىزدە: «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا
يوق، پەقەت ئاپتور تەرىپىدىن زورمۇزور كىتابقا كىر-
گۈزۈلگەن»، دەپ، 11 مىسالنى كۆرسىتىپسىز. بۇنىڭ
ئىچىدىكى خەنزۇچىدىن كىرىپ قالغان: «توخۇنى ئۆل-
تۈرمىگىچە يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس»، «يولۋاس
بالىسىنى تۇتىمەن دېسەڭ، يولۋاس ئۇۋىسىغا كىر» دې-
گەن تەمسىللەر تەرجىمانلىرىمىزنىڭ قەلىمى بىلەن بىز-

www.uyghurkitap.com



نىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىمىزگە ئارىلىشىپ قالغان. بۇلارنى شاللىۋەتسەكمۇ بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا قوبۇل قىلىپ ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. «تېرە بولمىسا تۈك نەدىن چىقىدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن ئۇ كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ ئورتاقلىشىش تەسىرىنى كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. بىز ئۆزبېك، قازاق، قىرغىزلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئوقۇپ كۆرسەك، نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللىرىمىزنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىر قىسىم چۆچەك، رىۋايەت، لەتىپە ۋە قوشاق، بېيىتلىرىمىزمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. مۇنداق ئارىلىشىپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىنى بىز باشقىلاردىن قوبۇل قىلغان بولساق، بەزىلىرىنى باشقىلار بىزدىن قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ تەۋەلىكى ۋە چەك ـ چېگرىسىنى تولۇق ئايرىپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس. سىز ئېيتقان بىر قانچە ماقال ـ تەمسىل بىلەنلا تۈگىمەيدۇ.

بىزدە: «كۈندىن قالدىڭ ـ ئايدىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ ـ يىلدىن قالدىڭ»، «كۆڭۈلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشنى باھاردىن» دېگەن ماقاللار بار. بۇلار مەنىداش ماقاللار بولۇپ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مەنىداش ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بىر ئەمەس، بىر نەچچە ۋارىيانتى بار. مەسىلەن، «ئەقىل توزىماس، بىلىم خورىماس»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «ئاقىل ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى»، «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز»، «ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ». بۇ ماقاللاردا مەنا جەھەتتە خاسلىقمۇ بار، ئورتاقلىقمۇ بار. سىز تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى «بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا زادى يوق» دەپسىز، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت بولسا ئادەمدە»، «دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق»، «ئادەم قېرىسا كۆڭلى قېرىماس، سۆڭەك قېرىسا، يىلتىزى (قېرىماس)»، «ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ»، «ھەيدىگىننىڭ ئالتە ئۆچكە، ئۆشت ـ ئۆشتۈڭ ئالەمنى ئالدى»... يۇقىرىدىكىلەر تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللەر بولۇپ، مەن ئۇلارنى كىتابقا (توپلامغا) زورمۇزور كىرگۈزىۋالمىدىم، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ۋە باشقىلارنىڭ توپلىغانلىرىدىن تاللاپ كىرگۈزدۈم. زورمۇزور كىرگۈزگەن بولسام، ئۆزۈم «ئىجاد قىلغان» بولۇپ قالىمەن.

2. «ماقال ـ تەمسىلگە ياتمايدىغان سۆزلەر» دېگەن گۇرۇپپىدىكى: «داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان»، «بېشى قايغان، پۇتى تايغان» دېگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ھەقىقىي ماقال ـ تەمسىل ئەمەس. لېكىن ئۇلار فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغىنى ئۈچۈن ماقال ـ تەمسىللەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما «كۆمسەم پۇشارمۇ، ياپسام پۇشارمۇ»، «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» «تەڭشەلمىگەن ئالەم» دېگەنلەر ھەقىقىي ماقال ـ تەمسىللەردۇر. سىز بۇلارنى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى دەپسىز، بۇ توغرا ئەمەس. بىرىكىش مۇناسىۋىتى زىچ بولمىغان سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى دېيىلىدۇ. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغىلى، ئۇزارتقىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا، دەريانىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشى قالتىس؛ دەريا ئۆركىشى ... دېگەندەك جۈملىلەر تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى بولىدۇ.

3. «خاتا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر»نىڭ بىرىنچىسىدە كۆرسىتىلگەن «يۇرت ئىشىكى كەڭ» دېگەن ماقال ئىملا خاتالىقى تۈپەيلىدىن «ئېتىكى» دېگەن سۆز «ئىشىكى» بولۇپ قاپتۇ. 4 ـ مىسالدىكى «قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، پۇتى بىلەن قونىدۇ» دېگەن تەمسىلنى خاتا دەپسىز. مەن بۇ تەمسىلنىڭ «قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونىدۇ» دېگەن ۋارىيانتىنى ھېچكىمدىن ئاڭلىمىدىم ۋە ھېچقايسى توپلامدا كۆرمىدىم. قۇيرۇقى ئۇزۇنراق قۇشلار قونغان چاغدا قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ كېتىدۇ. بۇنى قۇيرۇقى بىلەن قوندى دېگىلى بولمايدۇ. ئايروپىلانمۇ ماتورنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇپ، چاقلىرى بىلەن قونىدۇ. پەقەت لەگلەك شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونۇشى مۇمكىن. ئىستېمال جەريانىدا تىل ۋە ھەرىكەت لوگىكىسىدىن چەتنەپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللەر شۇ

ماقال ـ تەمسىلنىڭ بۇزۇلغان ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. 6 ـ
مىسالدىكى «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئېشىكىم ئالدد-
رايدۇ ياتقىلى» دېگەن تەمسىلنى خەلق مۇشۇنداق ئىش-
لىتىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ ۋارىيانتنى توغرا دەپ قا-
رايمەن. مەن قولۇمدىكى ئالتە ماقال ـ تەمسىللەر توپلى-
مىغا قاراپ باقسام، بەشىدە «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى»،
بىرىدە «مەن ئالدىرايمەن يەتكىلى» ئىكەن. دېــمەك،
تۇرمۇشتا ئۆيگە كەتكىلى ئالدىرايدىغانلار بولغىنىدەك،
مەنزىلگە يەتكىلى ئالدىرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. كىشــلەر
ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ۋارىيانتنى تــالــلاپ
ئىشلىتىدۇ. ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە بۇ تەمسىلنىڭ ئۇ
ياكى بۇ ۋارىيانتىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

ماقالىڭىزدە «خاتا ئىشلىتىلگەن ماقال ـ تەمسىللەر»نىڭ
ئونىنچىسىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپسىز: «‹ئالدد-
رىماڭ ئاستا كېلەر، تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر› بۇنىڭدىن
ھېچنەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. زادى ئاستا كېلىدد-
غان تاڭلا كېلىدىغان نېمە ئۇ؟ ئادەممۇ، ئاپەتمۇ، ئا-
مەتمۇ؟ بۇنى كىتاب ئاپتورى ئۆزى چۈشەنمەستىن، چالا
ئاڭلىۋالغان گەپ بويىچە يازغان. بۇ ماقال ئىنتايىن خاتا
ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ھېچقانداق تەربىيىۋى مەنە بەرمەي-
دۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق تېڭىرقىماڭ سۆزى
بولسا، يەنە بىر خاتالىق سۆزلەر ئورۇن ئالمىشىپ كەت-
كەن...» دەپ بىر مۇنچە قالايمىقان گەپلەرنى يېزىپ-
سىز. ئاخىرىدا: «توغرىسى: ‹تېنىقماڭ تاڭنا كــېــلــەر،
ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر›» دەپ، شۇ ماقالىنىڭ 2 ـ ۋا-
رىيانتىنى كۆرسىتىپسىز. بۇ ئىككى ۋارىيانت ئوتتۇرىسى-
دىكى پەرقنى ئوقۇرمەنلەر كۆرۈپ باقسۇن:

1 ـ ۋارىيانت: ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر،
تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر.
2 ـ ۋارىيانت: تېنىقماڭ تاڭلا كېلەر،
ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر.

بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى ۋارىيانتىنى شۇنداق قاتتىق
ئەيىبلىگەنلىكىڭىزدىن قارىغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ ماقال ـ
تەمسىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىز بەك تۆۋەن ئىكەن.

قىسقىسى، سىزنىڭ ماقالىڭىزدە كۆرسىتىلگەن كەم-
چىلىكلەرنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئورۇنلۇق بولسىمۇ،
كۆپ قىسمى ئورۇنسىز. سىزنىڭ توغرا دەپ كۆرسەتكەن
ۋارىيانتلىرىڭىز ئىچىدىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرى بار.
مەسىلەن: «بىر ئۆينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۆينىڭ
تۇيىقى سىرقىرار». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئۆينىڭ
مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىرار».

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىمۇ فولكــلــورنــىــڭ
باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش بۇزۇلۇش، ئۆزگىرىش ۋە يا-
سالمىلىق ھادىسىلىرىدىن خالىي ئەمەس. شۇنىڭ بىــلــەن
بىللە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يې-
ڭى ـ يېڭى ماقال ـ تەمسىللەر بارلىققا كېلىپ، فولكلور
خەزىنىمىزنى بېيىتىۋاتىدۇ. سىزنى پىكىر يېزىشقا ئۈندد-
گەن كىتابتىن كېيىن ئۇنىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل توپلام-
لىرى نەشىردىن چىقتى. سىزنىڭ شۇلارنىمۇ ئوقۇپ كۆرۈ-
شىڭىزنى، ئارتۇق ـ كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە دادىل پىكىر
بايان قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. كەم بولسا بولسۇن،
كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسىنىڭ پېنسيونېرى)

ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلە-سىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئە-ۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايە-تۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر

قەيسەر قۇربان

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن دۇنيا مىقياسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاددىيلا ھالدىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش تۈسىدىكى ئېيتىلمىلار ئەمەسلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ، تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ سىرلىق شىفىرىنى تېپىپ چىقىشتىكى ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى بايقاشتى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئانتروپولوگىيە ئالىملىرىدىن تارتىپ روھىي كېسەللىكلەر ئالىملىرىغىچە ھەممىسىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئەۋج ئالدى. بۇ جەرياندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل يېڭى يۈزلىنىشلەر بارلىققا كەلدى:

1. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ساھەسىدە بىر تۈركۈم ئالىملار قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەپەككۇر ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتى، ئۇلار ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئانتروپولوگىيە ساھەسىگە تەدبىقلاپ، قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى توپلاپ، رەتلەپ تۈرگە ئايرىغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە تۈرلەرگە ـــ مۇتىفلارغا ئايرىپ تەتقىق قىلدى. ئالايلى، فرانسىيىنىڭ ئانتروپولوگىيە ئالىمى لېۋي سترائۇس قەدىمكى توتېم ئەپسانىلىرىنى تۈرلەپ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىگە تۈرتكە بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئاڭسىزلىقنى تېپىپ چىقماقچى بولدى. ئۇ قەدىمكى ئەپسانىلەردىن تارتىپ، چېلىش مۇسابىقىسى، ماي بوياق رەسىم ۋە قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگىچە ھەممىنى بىر خىل بەلگىلەر سىستېمىسى دەپ قارىدى. بېلگىيىلىك زۋېتان تۇدوروۋ، لاتۋىيىلىك گرېيماس، فرانسىيىلىك رولاند بارتېس قاتارلىق ئالىملار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بايانچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانىيەت بايانچىلىقىدىكى تۈپكى ئەندىزىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتى، ئۇ تەتقىقاتىدا ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل بايان ئەندىزىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايان گراماتىكىسىنى شەكىللەندۈردىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بايانىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە بىرلىكنى ئەپسانە ئېلېمېنتى دەپ ئاتاپ، ئۇنى

تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك بىلەن ئوخشاش، دەپ قارىدى. شۇنداق بولغاندا تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر بىر مىللەتنىڭ سىستېمىلىق تىلىنى شەكىللەندۈرگەنگە ئوخشاش بايانىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى بولغان ئەپسانىلەر ئېلېمېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ بىر قاتار تەتقىقاتلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بىر قېتىملىق تامامەن يېڭى يۈزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈردى. ئەدەبىيات ساھەسىدە يازغۇچى ۋە شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىگە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى قىستۇرۇپ ئىشلىتىدىغان، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى تەمسىللەرنى سىمۋول سۈپىتىدە كۆپلەپ ئىشلىتىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

2. پسىخىك ئانالىز ساھەسىدە كارىل ياڭ قاتارلىق ئالىملار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئەپسانە ۋە دىنىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ، ئۇزاق مەزگىللىك تەتقىقاتى ئارقىلىق كىشىلەردە ئىنتايىن يوشۇرۇن بولغان، لېكىن ئادەملەرنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئاممىۋى ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدى. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ ئىنسان دۇنياغا كېلىپ ئۆسۈپ ـ يېتىلگىچە بولغان جەرياندا تاشقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان بىلىم ۋە ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئاڭغا ئوخشاشلا ئىنسان ئېڭىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ ئاڭ ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باشقا ژانىرلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. كىشىلەر ئۇزاق مەزگىللىك ئېتىقاد ئۆزگىرىشلىرى، دىنىي ئىسلاھاتلار ياكى بىر دىندىن باشقا بىر دىنغا ئۆتۈش، سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرى ۋە ياشاش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىلەر ھەرگىزمۇ يوقىلىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا چوڭقۇر ھالەتتە يوشۇرۇن ساقلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىنساننىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. كارىل ياڭ ئوتتۇرىغا قويغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ نەزەرىيىسى كېيىن لاكاڭ، ھورنېي قاتارلىق پسىخولوگىيە ئالىملىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى بىلەن سىستېمىلىق پسىخىك ئانالىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پسىخىك ئانالىز ئۇسۇلى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق يۈزلىنىشلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

3. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. نۇرغۇن نەزەرىيىچىلەر تۇشمۇتۇشتىن قۇرۇلمىچىلىق ۋە پسىخىك ئانالىز نەزەرىيىسىنىڭ پەقەت ئەسەرنىڭ ئۆزىنىلا نۇقتا قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا يېڭى يول ئېچىش لازىملىقىنى تەكىتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىدېئولوگىيە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى ۋە ئىجتىمائىي كونتېكست بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىش ئاساسىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. پەنلەر ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن، ھەر خىل پەنلەرنىڭ نەتىجىسى بىر ـ بىرىنىڭ تەتقىقاتىدا يېتىپ بارالمىغان مەنزىللىرىنى كۆرسىتىپ، كەمتۈك جايلىرىنى تولۇقلايدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمۇ ئىدېئولوگىيە، سىياسىي يوشۇرۇن ئاڭ، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئاياللار ھوقۇقى نەزەرىيىسى، بايان سالاھىيىتى ۋە سۆزلەش ھوقۇقى نەزەرىيىسى، ھەتتا بەزى تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تېخىمۇ يېڭى بىر ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە ئالىملىرىمىز ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات تېخى باشلانغۇچ ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ بىر تەرەپتىن، بىزدە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئازلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇسۇللىرىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئىشلىتىشىمىزنىڭ تازا يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا يېڭى نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار نەزەرىيىلەرنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى



ن . ن . كاتانوف (روسىيە)

### تازنى ئۆچۈتكىنى ①

مېجىت ئاخۇن، تۇرپان 1891 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئايدىڭ كۆلدە غاز ئوينار،
چىبىن بىرلەن تاز ئوينار.
تاز چىبىننى قوندۇرماس،
چىبىن تازنى تىندۇرماس.

تاز كېلەدۇ قورققۇدەك،
بوينى خارازنىڭ ئوقدەك!
بېشىدىكى چەشكىسى
توك قارغانىڭ پوقدەك!

### تازغا چىقارغان بېيىت

نايخان، تۇرپان لوگوچەن، 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

تازنىڭ بېشىدا بۇرنى
باغلاپتو قىزىل قۇرنى.
تاز دېمەگىلەر تاز دېمەگىلەر!
تاز خۇدانىڭ بەندىسى!
بېلىگە تەسپى ئېسىپتو،
بۇرنىغا ئات خەيىسى!

ھۇپۇپۇپ ئەمالۇھۇم،
ئىننەللەزىنە قاشقا تاز!
سەن قولۇڭنى ئاشقا تىقساڭ،
مەن تېپۇرمەن باشقا، تاز!

تازىم، تازىم ئەرتە كەل!
چېغىرىڭنى ئالغاچ كەل!
چېغىرىڭنى ئىچىنى،
تاز باشىڭغا چېچىنى!

تاز، تاز تۇمباك تاز،
ئىت كۆتىنى يىلداك تاز.
ئىت تاز، پىت تاز،
كۆزۈمدىن يىت تاز.

بىر تاز كۆتىنى يىرت تاز،
ئىككى تاز شىللىلىرى سىركە تاز،
ئۈچ تاز تامام خەق ئۈچ تاز،
تۆرت تاز تۆمەت تاز،
بەش تاز بېشى يامان تاز،
ئالتى تاز ئالدىرىغان تاز،
يەتتى تاز يېتالماغان تاز،
سەككىز تاز سەك تاز،
توققۇز تاز توكۇز تاز،
ئون تاز بېشىنى يەك، تاز!

يەر تېرىدىم، مايسا بولدى،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ، تاز!
باش قىتىشتى، قوك قىتىشتى،
تاتالاپ كەلسەڭچۇ، تاز!

تازنىڭ بېشى موكادەك،
كۆنە جۇبازنىڭ ئوقدەك.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
ئەلەپ يېگەن بۇقادەك!

تازنىڭ بېشىدا سېچى،
شىللىسىدە قارا سېچى،
ئۇستاراغا بويۇن بەرمەسە،
ئېنىڭ جازاسى قاچى.

بىر تاباقتا ئولتۇرۇپ،
ئاش يېمەك تاز بىرلە،
يىرىك قان يۇتاسىز،
يېسىڭىز تازلار بىرلە.

ئۇشبۇ تازنىڭ باشلىرىدۇر:
ئەينەكتەك پارقارۇر!
تاز يۇقۇپ ئالەمگە
تازنى تاقاتۇر.

ھەممەدىن ئالەم ئىچىدە

تاز تولا، تاز تولا!
يالغان ئىبىتماي كۆرۈڭلەر!
تاز تولا، تاز تولا!

بېشى نازۇك، ئۆزى نازۇك!
تاز كىشى، تاز كىشى.
تاز بېشىنى يوشۇرۇپتو
تاز كىشى، تاز كىشى!

باش قىتشسا لازى قۇيغىن
تاز كىشىنىڭ بېشىغا!
قىزىتىپ ساچ ئۇندۇرەدو
تاز كىشىنىڭ بېشىغا.

ئايدىڭ كۆلدە غاز تولا؛
يېڭى تۇرادا تاز تولا؛
ئەسكى چاپاندا ماز تولا؛
قىشتىن كۆرۈڭ، ياز تولا!

تىرمىغى يوق، تاتالاپ
تازنى كۆرۈڭ، تازنى كۆرۈڭ.
بېشىنى ئاسسا، تاتالاپ
ئۇچار قۇشنى، غازنى كۆرۈڭ!

تازنى تاز دېسە،
تاز كىشىنىڭ ئۆلگۈسى كېلەدو.
ساقنى تاز دېسە،
ساق كىشىنىڭ كۈلگەسى كېلەدو.

تاز بېشى تاشتەككىنە،
گەردەنلىرى مەشتەككىنە،
تاز قېرى ياشتەككىنە؛
ئالتى تاز بىر بولۇپتو،

قۇلاقلىرى دىلڭ بولۇپتو،
چات ئارىسى شىلڭ بولۇپتو!
تازنى كۆرگىن: كۆكى بار!
قىزىل تاغار بۆركى بار!

قورۇقمايدۇ تاز كىشى،
تاز كىشدۇر، تاز كىشى.
سېرىق ئالا، تاز بېشى،
تاز بېشدۇر، تاز بېشى.

كۆرمەدىڭمۇ، كۆرمەدىڭ

تازنىڭ ئەسكى باشنى؟!
باشدا تۈكى يوق!
بۇ تازنىڭ قېشنى!

قىپقىزىل پىيازدەك
تاز كىشىنىڭ باشى بار!
باشدا تۈكى يوق!
بۇ تازنىڭ قاشى بار!

سەن قاراپتۇر تاز باشنى
تاتىلۇر، تاتىلۇر!
ئىككى پۇلغا تاز باشنى
ساتىلۇر، ساتىلۇر!

بېشى قىزىل، چۆرىسى
تۈك تاز كېلۇر، تۈك تاز كېلۇر!
غازغا ئوخشاش بوينى ئۇزۇن،
شۇم تاز كېلۇر، شۇم تاز كېلۇر.

بارماغىن ھەر يەرگە
ئۇشبۇ تۇرغان تاز بىرلە!
ھىچ ئىشى يوق، ھىچ ئىشى يوق
شۇبۇ تازنىڭ قىش بىرلە!

قىپقىزىل چامغۇرغا ئوخشاش
تاز كىشىنىڭ بېشىنى!
قان ئېقىپتو، قان ئېقىپتو،
تاتالاپتو بېشىنى!
شۇبۇ تازنىڭ تۆپەسدە،
تاز كىشىنىڭ تۈكى يوق!
تېپىلىپ تۇرماس باشدا،

تەرى يامان، بېشى يامان،
تۇزا تاز، تۇزا تاز!
گەردىنى بۇقادەك
بولساڭچۇ، شۇبۇ تاز!

ھەم پىيازدەك پارقىراپتۇر
تاز بېشى، تاز بېشى!
ساقتىياندەك كىمسەڭگە ئوخشار
تاز كىشىنىڭ بۇ بېشى.

قار – يامغۇردەك يىغلايدو.
تاز كىشىنىڭ بۇ يېشى!
ئىككى پۇلغا دوڭغىيىپ

www.uyghurkitap.com





تۇردى مۇندا بۇ بېشى!

كۆزلەرنى ئوڭغىيىپ
تۇردى مۇندا بۇ تاز.
بېشنى ھەم تاتالاپ
يېرىۋاتتى بۇ تاز.

ئەسكى تاز بېشنى
قاتتىق ئۇردى يارغىلى؛
ياغلاغىلى بېشنى
ياق قاشىغا بارغىلى.

باش سېسىپ پوقتەك پۇراپتو
تاز كىشىنىڭ تاز بېشى.
پاختادا ئەيتىپ بولۇپتو
تاز كىشىنىڭ ماز بېشى!

خەق كۆرۈڭلەر، خەق كۆرۈڭلەر!
تازنى كۆرگىن تازنى كۆر!
قىشنى كۆرگەن، يازنى كۆرگەن
تازنى كۆرگىن، تازنى كۆر!

ھەم تېكىنىڭ پوردىقىدەك
تاز كىشىنىڭ بېشى بار.
تاز بېشىدا، تاز بېشىدا
ھىشتىمە يوق تېزى بار.
يەمدۇگۇمدەك قېشى بار!
تازنى كۆرۈڭ! جاڭپىزا باش!
كۆرسەم، ئېنىڭ بېشى بار؛
باشنى كۆرۈڭ! زاڭپىزا باش!

## تازغا چىقارغان بېيىتلەر

مەمەت تاجى، تۇرپان، 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

پۇت كۆيدۇرۇر يازلار قېنى؟
قىشقىرادۇغان غازلار قېنى؟
بېشى يامان تازلار قېنى؟

چېدىر بىرلە جاڭپاڭ قېنى؟
سەبەت بىرلە ياپپاڭ قېنى؟
بېشى يامان ئاپپاڭ قېنى؟

ئۆپكە بىرلە بېغىر قېنى؟
يېنىك بىرلە ئېغىر قېنى؟
بېشى يامان يېغىر قېنى؟

كۆرەدۇغان ئەينەك قېنى؟
ئوغلاق بىرلە سەينەك قېنى؟
بېشى يامان پەينەك قېنى؟
كەپتەر بىرلە بەشكە قېنى؟
قايماق بىرلە مەشكە قېنى؟
بېشى يامان چەشكە قېنى؟

كىچىك ئەمەس زور باش قېنى؟
ئىچى قۇۋاق پور باش قېنى؟
بېشى يامان شور باش قېنى؟

ئاستا ئەمەس ئىلدام قېنى؟
قېتىق بىرلە چىدام قېنى؟
بېشى يامان سىيدام قېنى؟

دۇپپا دۇپپاڭ، دۇپپاڭ تاز!
يېڭىسانىڭ سۇيى ئاز!
يېڭىسانى قۇرۇتقان
بېشى يامان ئىككى تاز!
ھوگادا ئۇچۇپ كېلەدو
بىرى ئۆردەك، كۆكۈنەك.
ئىككى تاز ئۇسۇلغا قوپتى
ھا، خۇدايا كۈلگۈدەك!

## لۈكچۈننىڭ مازارلىرى

نايخان 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپان لوگۇچەن
لۈكچۈنگە تەئەللۇق مازارلار شۇ تۇرۇر: پىچانـدا

تۆرت مازار بار. شۆگەدە ئۆگەز قارنەين خوجام بار. چۇ-
بان قىرادا يەتتى يىگىت بىر تاغدا، يەتتى قىز بىر تاغدا
مازار بار، ئارىسىدا سۇ يول بار. ئۇلار ھەممىسى ئا-
دەمگە ئوخشاش تاشتۇر. بۇلار پىچانىنىڭ لۈكچۈنىنىڭ
ئارىسىدادۇر. سىركىپتە بىر مەزلۇم كىشىنىڭ مازارى بار.
لۈكچۈن شەرىدە يوققارقى خوجام، تۆبەنكى خوجام
دەپ ئىككى مازار بار. لۈكچۈندە يەنە ئاق گۇمبەز
دەپ مازار بار؛ تىرەك مازار بار، شۇنىڭغا تىش، قۇلاق
ئاغرىغان كىشى بارادو؛ يەنە جاي خوجام دىگەن قاش-
قاردىكى ھەزرەت ئاپپاق خوجامنىڭ تۈشكەن جايى دەپ
مازار بار. يالغۇز خىنىم دەپ قىز ئەرگە تەگمەي ئەللىك
ياشقا يەتكەن كىشىنىڭ مازارى بار؛ شۇ يەرگە بالا تى-
لەيدۇغان مەزلۇملەر بارادو. دىغاردا بىر مازار بار. تۇ-
يۇقتا ئىككى مازار بار، بىرىسى ئەسھابۇلكەپ، بىرىسى
مەشەت خوجام. ياڭخىيدا بىر مازار بار. ياڭخى كارىزدا
تاللىق خوجام دەپ مازار بار. قاراخوجادا ئات باغلاغۇچ
دىگەن مازار بار، شۇندا ھەزرىتى ئەلپەتتا خوجامنىڭ
ئىتىنىڭ ئوقۇرى بار. مۇرتۇقتا بىر مازار بار، مۇرتۇق
خوجامغا موللا بولغىلى خىيال قىلغان كىشى بارادو.
مۇرتۇق خوجامنىڭ ئىتى تاشقا باسقان، مۆھۆرگە ئوخ-
شايدۇرغان ئىزى بار. ئۆزىنىڭما بىر ئىزى بار. يەنە
ئاندا تاش بولۇپ قالغان قوغۇن بار. بىر تىلىم ئاپ
يەپ كىسىلگىنى قىلىپ تاش بوپ قىلىپتۇ. قاراخوجادا
ئەلپەتتا خوجامنىڭ سىنچىلىغى بار، شۇ مازار ئەسكى
قاراخوجا شەرىنىڭ ئىچىدە، شۇنى سىنچىلاق خوجام
دەيدو. ئاستانەدە ئەلپەتتا خوجامنىڭ ئۆزىنىڭ مازارى
بار. ئەلپەتتا خوجام ئون ئىككى ياشتا خىتاي بىرلەن
تاڭ خانىنىڭ زامانىدا سوقۇشۇپ قاراخوجا شەرىنى ئون
سەككىز ياشتا ئېلىپ قاراخوجادا سىنچىلىغى قىلىپ ئۆزى
ئاستانەدە گۇپات بولدى. ئاستانەدە يەنە تۆرت مازار
بار، بىرى مەزلۇم كىشىنىڭ، ئۈچى ئەر كىشىنىكى. شۇ-
لارغا كۆزدە بۇغداي ئورغاندا بارادو.

## قومۇلنۇڭ بۇزۇرگالىرى

ئابدۇللا كا، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قومۇل

قومۇلنۇڭ تىشىدا بار: قىزبانى ئىزىزىم بۇزۇرگاسى؛
قومۇلنۇڭ ئىچىدە بار: توغلۇق تۆمۈر خان بۇزۇرگاسى،
غوجا غەيىپ بۇزۇرگاسى، ئايلى بۇزۇرگاسى، غوجا مىچىت
بۇزۇرگاسى. قومۇلنۇڭ چۆرىسىدىگى بۇزۇرگالار شۇدۇر:
سۇمقارغا بۇزۇرگا، ئاستانەدە سۇلتان سوپى دانىشمەن
بۇزۇرگاسى، توغىچىدا قارايىغاچلىق بۇزۇرگا؛ كۆچەتلىك
بۇزۇرگا ھەم توغىچىدا؛ جىگدەدە قارغا بۇزۇرگا، لاپچۇقتا
يەنە قارا يىغاچلىق بۇزۇرگا؛ بوستان بۇزۇرگا ھەم لاپ-
چۇقتا؛ يەنە لاپچۇقتا تۇرپان يولى بۇزۇرگا؛ قارا تۆبەدە
يەنە بوستان بۇزۇرگا، غوجا كارسان بۇزۇرگا، غوجا بىغىم
بۇزۇرگا، تاللىق بۇزۇرگا، ئەللىكتە ئەللىك بۇزۇرگا.

ھەر قايسى بۇزۇرگاغا بارسا، زەدەر كىشى ئوندۇن
نان، كىز بىسات، ئات، ئۇي، قوي، رەخ ماتا، كۇمۇش، بۇ
قاتارلىق نىمەرسەلەر ئاپپىرىپ زىيارەت قىلىپ مەقپىرەت
تىللەيدو. ئاپپارغان ماللارنى بۇزۇرگانىڭ شەيخلىرى ئا-
لادو. تۇغلۇق تۆمۈر خان بۇزۇرگانىڭ شەيخى سۇلايماد-
شا، سىزنىڭ پاراڭچى ئەھمەتاخۇننۇڭ ئاتىسى تۇرۇر.
خوتۇنتامدا يالغۇز بۇزۇرگا، ئولانبۇلاق دىگەن تاغدا تو-
راق بۇزۇرگاسى، ئەنشىگە بارادۇغان چوڭ ئارابا يولىدا
شىنشىنشا بۇزۇرگا بار، قومۇلدۇن ئالتىنچى مەنزىلىدە
غارنىڭ ئىچىدە. شۇ گاختا چوڭ ئارابا يولى يەڭدۇڭدۇن
ئۆتۈپ ئەنشىگە بارادو. بۇرۇنغۇ يول ئوتۇن ئوزا ئۆر-
تەڭدىن ئۆتۈپ ئۇتتۇرا ئەنشىگە بارادو. ھەلى شۇ يول
بىرلەن ئارابا يۈرۈميدو، تۆگە يۈرۈيدو.

## نامازغا يىغقىنىنىڭ بايانى

ئابدۇللاكا 1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قومۇل

ھەر مىچىتتە، ئەرتە بولسا، ناماز بامداتتا، نامازغا
چىقماغان ئەدەملەرنى يوقلاپ ئۆيىگە مەزىنىدىن ئىيتتۇرا-
دۇ: «ئانداق قىلماغاي، نامازغا چىققاي!» دەپ. ئەرتىلە-
گى يەنە چىقماسا، يەنە مەزىنىدىن ئىيتتۇرادۇ: «بىزدىن
يامانلاماغاي! بىز ئۆزۈمۈز تۇتۇپ ئاپچىقىپ مىچىتتە دۇرە
مىنەن، شەرئىدا كەلگەن بايانى مىنەن سوقادىبىز!»
دەپ.

ئۈچۈنجى كۈنى نامازغا چىقماسا، ئاپچىقىپ ئەگنىنى
چۇچۇلۇپ يالانغاش قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ نامازنى
ئۆتەمەگەنلەرنىڭ بىيتلىرىنى ئىيتىپ بىشغا قىش گاختىدا،
ياز گاختىدا بولسا ما، سوق سۇنى ئۈچ مەرتەبە قۇيادو.
سۇمۇ قۇيۇپ ئوتتۇز توققۇز دۇرە سوقادو. سوقۇپ سو-
رايدۇ: «نامازغا چىقامسەن ئەمدى؟» دەپ. ئۇ كىشى
«چىقامەن» دىسە ياندۇرادۇ؛ «چىقمايدىمەن!» دىسە، يە
ئۇنلەمەسە، ئۆيىدىن كۆچۈرۈپ قويادو. كۆشكىلى ئۇناما-
سا، ئۆينۇڭ ئىشىگىنى پالچىق مىنەن چاپلايدو. چاپلاتقىلى
ئۇناماسا، كىرىپ چوڭ ئاخۇنغا ئاڭلاتادو. چوڭ ئاخۇن شۇ
كىشىنى ئاپكىرىپ ئىمان ئۆرگۈتۈپ توقسان توققۇز دۇرە
سوقادو.

شۇ مەلىنىڭ ئىمام مەزىنىگە چوڭ ئاخۇن ئىيتادۇ:
«نىزىرىگە كىرمەڭلەر! ئۆلسە، گۆرگە قويماڭلار!»
نايخان 1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تۇرپان لوگۇچەن

بىناماز ئادەمنى ئاپچىقىپ مىچىتتە قىرىق دەرە بىرلەن
ئۇرادو. قىش بولسا، بىشغا سوق سۇ قۇيادو. مەلە خەلقى
ھەممىسى يىغىلىپ بىنامازنىكىدە چاي ئىچەدو. ئىككىنچى-
سىدە ناماز ئۆتەمەسە، گاڭ ئوردىسىغا ئاپكىرىپ تاياق



بىرلەن يىگىرمە بەشنى ئۇرۇپ ئىككى ئۈچ ئايلىق زىن-دانغا سولاۋاتادۇ. مەلىسى تىلەسە قويەۋېرىدۇ. ئۈچۈنچى-سىدە بولسا، يامان سوقۇپ ئوغرى قاتارى بىرلەن سۆ-رايدۇ. سوققاندا بىنامازلارنىڭ بېيتىنى ئوقۇماي قۇرئاد-دىن ئايەت ئوقۇيدۇ.

**قومۇلنۇڭ قەدىمدىن قالغان رەسمىسى**

هاجى تاهىر بەك 1892 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قومۇل بىر موللىنى ئوردايلىغا ئاپكەپ چىڭگاڭ غوجام يارلىق تۆگۈزەدۇ: «مەن ساڭا مۆتىسىپلىك مەنسەپ بەردىم، زەپتەمەكتەپچىلىك مەگسەپ بەردىم. تۆرت نا-يىپ ئالاسەن، يەتتى پاتمان دۇبۇرە قىلاسەن، ئىچىگە قۇم سالاسەن، نايىپلىرىڭ بىرلەن هەر ئەرتەدە بىر مە-چىتنى ئەرگىيسەن، ناماز ئۆتەمەيدۇغان بىناماز بولسا، تۇتۇپ ئاپچىقىپ ئۆلگۈچە ئۇراسەن! ئۆلسە، سۇرامايدىمەن. بىنامازنىڭ بېيتلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ ئۇراسەن! سېنىڭ مەگسىبىڭگە تاياق يېگەن كىشى ئىككى شىڭ بۇغداي بېرەدۇ. زەپتەمەكتەپچىلىك مەگسىبىڭگە بىر بالا بىر شىڭدىن بۇغداي بېرەدۇ. قومۇل بەش شەرنى چۆ-رۇلۇپ هەر مەكتەپتىكى باللارنى تىڭشاپ، قايسى بالا نەتكىچىلىك ئوقۇپتۇ، بىرنى بىر خەتلەپ ماڭا كۆرسە-تەسەن ناۋادا مىچىتلەرنى كۈندە ئەرگىمەسەڭ، مەكتەپ-لەرنى يىلدا ئەرگىمەسەڭ، ئوردايلىغا ئاپكەپ ئېغىر بەنلەپ مەگسىبىڭنى ئېلىپ ئالتى ئايلىق بىرلەن نومغا پارلايدىمەن!» دېيدۇ.

شۇ يارلىقلارنى تۆگۈزۈپ ئەزىنە مىچىتنىڭ ئايلىغا ئاپپىرىپ بىر كۆك. سۇزۇك مونچاق، كۆزىگە ئوتاغات تاقاغان بۆك ئەزىنە كۈنى: «ئوردىدىن يارلىق قىلدى: پالاننى مۆتىسىپ قىلدى؛ ناماز ئۆتەيدۇغانلار، بالىسىنى مەكتەپكە بەرگەنلەر چىڭگاڭ غوجامنىڭ يارلىغىنى ئومدان ئاڭلاڭلار!» دەپ يۇرتقا جارلايدۇ.

مۆتىسىپ دۇبۇرىسىنى كۆتۈرۈپ تۆرت نايىبىنى ئەر-گەشتۈرۈپ بىر مىچىتكە بارادۇ.

ئۇزاقتىن نامازغا چىقماغان كىشى بولسا، ئاپچىقىپ بۇ بېيتنى ئوقۇپ ئۇرغىلى باشلايدۇ:

روزى مەشەر كۈنىدە
ئەگگەل سۇۋار بەش ناماز!
«چاق» دەپ سېنى مەن ئۇرسام،
تۆبە قىلغىل، بىناماز!

جاگاپ بەرمەك قاتتىقتۇر،
كىشى بولسا بىناماز!
هەق تالا ئەمرىنى
سەن قىلماغان، بىناماز!

پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتىنى
سەن قىلماغان، بىناماز!
كىشى بولسا، بىناماز،
هەق بۇيرۇغى: بەش ناماز!

بىنامازدىن ئىت ياخشى،
ئارتۇق تۇمەن پىت ياخشى!
ناماز گاختى بىلمەسەڭ،
ياخشى ئىت سەن، بىناماز!

كۆڭنۇڭ بىرلەن بىر ناماز
سەن قىلماغان، بىناماز!
بىنامازغا بارماڭلار!
ئاغرىغىنى سۇرماڭلار!

شاپائەتتە بەندەم دەپ
هەرگىز ئالماس بىناماز!
بۇ ئالەمگە ئىشەنمە!
قالماس ساڭا، بىناماز!

ئۆلسە، ناماز قىلماڭلار!
ئىتلەر يېسۇن بىناماز!
بىناماز دىن جان ئالۇر،
تۆمۈر چەڭگەلنى سالۇر.
قىيىن بىرلەن جان ئالۇر،

ئەي قورقماغان بىناماز!
ناماز قىلماق مۇشكۇل ئەمەس،
هارماس كىشى، بىناماز!
قارا قوڭۇز سەن بولدۇڭ!
ناماز قويغان بىناماز!

بىنامازغا يول بەرمە!
«ئۆتنە!» دېسە، پۇل بەرمە!
«گۆلى!» دېسە، قول بەرمە!
كاپىر تۇرۇر بىناماز!

بىنامازدۇر ئول كىمەرسە
ئۆچۈپ قۇشتەك يۈرۈپ بارسا
ماراپ ئاتماق لازىمدۇر
هەر يەردە ئېنى ئادەم كۆرسە

بىنامازنىڭ داقلى،
ساقلى هەم ماقلى
ئوتنى ئېلىپ ياقلى
كۆيۈپ ئۆلسۇن بىناماز

ناماز قىلماي دۇبۇرە يەپ
رەسگا بولغان بىناماز!
ئىشەك بولۇپ ئۆلۈشۇر
قارا ئۈزلۈك بىناماز!

كاپىر تۇرۇر بىناماز!
مەلئۇن تۇرۇر بىناماز!
ئېرىنىپ تۇرۇپ ئۆتەمەسە،
مەقبۇل تۇرۇر بىناماز!

نېسىيەتنى تولا قىلدىم
ئاڭلىمىدىڭ بىناماز،
تاپساڭ گاخنى كۆپ ئۆتە!،
دۇرە يېمە،بىناماز!

قىيامەتكە بارغاندا
بامدات تۇرۇر يولدىشى!
ئىككىسى بىر بولسا،
پېشىن تۇرۇر قولدىشى!

ئۆچۈلەنغو بىر بولسا،
قولدار ئېنى ناماز شام!
هەممىسنى ئادا قىلساڭ،
ئۆتەر گۆناڭ بىتامام!

بەشۆلەنغو بىر بولسا،
خۇپتان ئاڭا يار بولۇر!
ناماز ئۆتەمەگەن كىشى
ئىككى دۇنيادا خار بولۇر!

## سەپەر ئايدا بەختنى تىلىگىنى

مېجىت ئاخۇن، تۇرپان 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

سەپەر ئايدا بۇ تۇرپان خەلقى بەختنى تىلەسە، سەپەر ئاينىڭ يەتتىسى، ئون يەتتىسى، يىگىرمە يەتتىسى، بۇ ئۈچ يەتتىدە خايى ئەر، خايى خوتۇن بولسا، بەختنى تىلەر. بۇ يەتتى كەلگەن كېچىسى «باخلار ئېشى قىلامــىز!» دەپ ئون يەتتى قىسما يەيتۇرغان غىزا قىلۇرلەر. بۇ قىلغان غىزالارنى بىر ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئابدان راستلاپ هەممە بىساتلار سېلىپ بۇ ئۆيگە ئاپكىرىپ قويار. بۇ ئۆيىنى هەر تەرەپىسگە شام يېقىپ قويۇر. بىر موللا كىرىپ شۇ ياساپ قويغان ئۆيدە ئىككى سائەتكىچىلىك باخنامە ئــوقــۇرلار. ئاندىن ئىككى سائەت بولغاندا بۇ باخنامە ئوقۇپ تامام بولۇر. باخنامە ئوقۇپ كەتكەندىن كېيىن كۈن كەچ بولـغاندا باخلار ئېشى قىلغان ئادەملەر غۇسلۇ تەرەت قىلىپ بۇ كېچىسى تولا ياخشى تەلەپلەر قىلىپ تۆبەلەردە يۈرۈپ بەختنى تىلەرلەر. ئاندىن بۇ كېچە تاڭ ئاتقاندا بۇ باخـلارنىڭ كەلگىنىنى بىر كىشى كۆرمەسە، قويغان ئېشىنىڭ ئۈستۈنىدە قوشۇقنى بۇ ئادەملەر (ئۆيىنىڭ ئىگىسى) ئوڭ قويۇپ قويۇر. بۇ باخلار كەلگەن بولسا، قوشۇقنى تۆتۈرە قويۇر. ئاندىن بۇ خەقلەر ئاشنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى خوش بولۇپ «بۇگۈن كېچە باخلار كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئۆتۈپتۇ. ئەمدى بۇ غىزالارنى مېچىتلىك بىرلەن ئولتۇرۇپ دۇگا قىلىپ يەينى!» دەپ مېچىتلىگىنىڭ ئۇرۇقۇ ياشنى قىشقىرى پكېلىپ «تەبەرۇك!» دەپ يېيىشۇرلەر. بۇ ئۈچ يەتتىدە شۇ قايدادا ئاش قىلىپ بەختنى تىلەرلەر. ناۋادا بۇ ئۈچ يەتتىنىڭ ئىچىدە خايى ئەر كىشى، خايى مەزلىم كىـشى، خايى كىچىك بالا، خايى چوڭ بالا ئاش قىلغان ئۆيـنىڭ چۆرىسىدە ئۇچۇراسا، بۇ باخلار ئۇچۇراپ قالغان ئادەمنى كۆرۈپ بىر بىرىسىنى قىشقىرىشۇر. بۇ باخلارنىڭ هەر قاسىنىڭ ئېتى «بەختى، دۆلەت، ئىززەت، ئــابــرو» دەپ ئاتلىرى شۇنداق تۇرلار. بۇ باخلار ئۇچۇراسا، بۇ ئادەمنى ئوترىسىغا ئېلىپ چۆرەلەپ تۇرســا، شــۇ ئــادەم باخلارنىڭ چوڭى ئېيتقىنىنى ئىشتۇر: «ئەييا باخ، مۇنى كۆر! ئىززەت، مۇنى كۆر! ئابرو، مۇنى كۆر! دۆلەت، مۇنى كۆر! تالەي، مۇنى كۆر! هۇرمەت، مۇنى كۆر!» دېسە، بۇ قىشقىرغان باخلار كېلىپ ئۇچۇراغان ئادەمنىڭ هەر بىردـسى بېشىنى سىلاپ قويۇر. بۇ باخلار كۆيقاپتىن چىقۇر. بۇ باخلار ئۇچۇراغان ئادەمگە شۇ يوسۇندا ئۇچۇرار. بۇ ئاـدەم كۈندىن كۈڭگە ياخشى كۈن كۆرۈپ غېــنى بــولــۇپ ئۆتەرلەر. ناۋادا بۇ ئۈچ يەتتىدە بىر كىشىگە ئۇچۇراماسا،

شۇ يوسۇندا باخلارنى بىردەبىر ئادەم شۇنۇڭدەك كۆرسە، باخنى كۆرگەن ئادەم بالادىن بالاغا غېنى بولۇپ ئۆتەرلەر. ناۋادا بۇ باخلار ئېشى قىلغان خەقلەرنىڭ تۇشى ھەم كۆرمەسە، كۆزى ھەم كۆرمەسە، كەلگىنىنى بىلىندۇرۇپ قويسا، بۇ ئۆي ئىگىلىرى تېخى غېنى ئۆتەرلەر. بۇ باخلار ئېشى قىلغان خەقلار ھەر يىلدا ئازدو، تولادۇ كۆچى يەتكۈنچە قىلىپ تۇرماسا، بۇ خەقلەر كۈندىن كۈنگە قۇرۇپ كېتەرلەر. بۇ باخلار ئېشىنى سەپەر ئايىنىڭ ئۈچ يەتتىسىدە قىلۇرلار، باشقا ئايلاردا قىلماسلار. بۇ قايدىنى «باختانا، باختانا!» دەرلەر.

## قارغىش سۆز

ئابدۇللاكا، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، قومۇل

بىرو بىرو مىنەن ئۇرۇشقاندا بىروسى زور چىققاندا كۈچى يەتمەگەن ئەدەم ئېنى قارغايدۇ: «پاخلان قوينۇڭ يېشىنى بەرگىي ساڭا خۇدايىم! كېچىدىن ئەرتەگەتىن تارتماي قال! ھەرگىز ياخشىلىق ئۈزى كۆرمە! يەتتىنجى دوزاخنى ساڭا بەرگىي خۇدايىم! سەن زور بولدۇم دەمەسەن؟ سېنىڭ زورلۇغۇڭغا كۈچ بەرگىي خۇدايىم! ھەر قىلغان ياخشىلىغىڭ بولسا، خۇدايىم ئېنى ماڭا بەرگىي! سېنىڭدەك دۆيۈز تېشى پۇرپۇر، ئىچى غۇرغۇر! ھېچ بارادۇغان يېرىڭگە يېتالماي قال! يەتكەن يېرىڭدىن كېلالماي قال! تامدىن يىقىلىپ ئۆل! تۆۋىدىن يىقىلىپ ئۆل! تالدىن يىقىلىپ پۇتۇڭ سىنىپ ئۆل! ھاساردىن يىقىلىپ قولۇڭ سىنىپ ئۆل! ئارابا چەيلەپ بېلىڭ سىنىپ ئۆل! ئات تېپىپ ئۇچچۆگەڭ ئۈزۈلۈپ ئۆل! ئۈچ يۈز ئاتمىش ئۈچ سۆڭەكلىرىڭ قۇرۇپ ئۆل! تەڭنە بوپ ئۆل! قارو بوپ ئۆل! چولاق بوپ ئۆل! مونجا بولۇپ ئۆل! ناسارى بولۇپ ئۆل! تىللىرىڭ قۇرۇپ ئۆل! تاماقلىرىڭ تۇتۇلۇپ ئۆل! باللىرىڭدىن جاپا كۆرۈپ ئۆل! ئاتتىن يىقىلىپ ئۆل! ئېشەكتىن يىقىلىپ ئۆل! ئاتلۇغۇشتۇن ئاتلاپ ئۆل! جىنازىدىن يىقىلىپ ئۆل! سەپەرگە كېتىپ بېرىپ ئۆل! قارا سايدا قېنىڭ چېچىلىپ ئۆل! سۇ تېپىپ ئىچالماي ئاڭقاپ ئۆل! سوقتا توڭلاپ ئۆل! ئاش تېپىپ يىيالماي ئاشقا ئۆل! مالبارىڭدىن جاپا كۆرۈپ ئۆل! ئات ئۈلىغىڭدىن جاپا كۆرۈپ ئۆل! توڭگۇزنۇڭ قېنىدەك چېچىلىپ ئۆل! ئىتتەك غىڭشىپ ئۆل! مۇشۇكتەك مياڭلاپ ئۆل! قۇشقاشتەك ساراپ ئۆل! قويدەك مەرەپ ئۆل! ئۆشكىدەك تىپچەكلەپ ئۆل! ئۇيدەك سۇزۇشۇپ ئۆل!» دىيدو.

## يەرلىكنىڭ قارغىشى

نايخان، 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، لوگۇچەن

خۇدا جازاڭنى بەرسۇن! ئىلگىرى كەلمە! چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشماسۇن! باللىرىڭنى كۆزلۈك كۆرسۇن، قولۇڭ تۇتماسۇن! كېچە ـ كۈندۈز بالاغا گىرىپتار قىلسۇن! مۇرادىڭغا يەتمە! ھەممە ئىشلىرىڭنى خۇدا بەستە قىلسۇن! كۆزلۈك كور بولسۇن! تىلىڭ گاچا بولسۇن! زىراتىڭنى مەلەك يېسۇن! ئۆيۈڭگە ئوت كەتسۇن! پۇت ـ قولۇڭنى خۇدا پالەش قىلسۇن! قۇرۇپ كەت! زۈلياتىڭ بىرلەن قۇرۇپ كەت! ھېچ ئىشىڭ مۇرادىڭدەك بولماسۇن! قان قۇسۇپ ئۆل! زابانىڭ تۇتۇلۇپ كەسسۇن! يارا بېسىپ قولۇڭ ھېچ يەرگە يەتمەسۇن! ئۈزۈڭ قارا بولسۇن! ھەرگىز راگاچ تاپما! توپادەك سورۇلۇپ كەت! قىرىلىپ كەت! ئالەم خەلقىنىڭ ئارىسىدا خار بول! دۇنياغا، ئاشناڭغا، بارچە نېمگە زار بول! تامام ئەللەرنىڭ كۆزىگە ئوبدان كۆرۈنمە! ئۆمرۈڭدە ئوبدان ئىش بىرلە ئۆتمىگىن! ئىلگىرى باسساڭ، پۇتۇڭ كېين كەتسۇن! سۇدا غەرق بول! چۆلدە ئېزىپ يول تاپالماي ئۇسساپ ئۆل! توڭگۇز سۇرىتىدە قوپ! قولۇڭ ئىشكە بارماسۇن! ئارزۇ ـ هارماڭغا قانما! قەرزدىن ئۆرە كەلمە! ئىككىلە ئالەم راگاچ تاپماي خارىزار بولۇپ ئېشكما ئېشىك تەلمۈرۈپ ئۆلگىن! جالابقا تەك بولۇپ ئۆز گۆشۈڭنى ئۈزۈڭ يەپ ساراڭ بولۇپ غالغۇراپ ئۆل! كىمگە ياخشىلىق قىلساڭ، ساڭا ياماللىق قىلسۇن! ھېچ كىمدىن ياخشىلىق ئۈزى كۆرمە! ئاتا ـ ئانا، بالا ـ بارقالاردىن ياخشىلىق كۆرمە! ھېچ ئىشتە ياخشىلىق ئۈزىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەت! بىرما خوش بولماي پۇت قولۇڭ قۇرۇپ كەسسۇن!



## يەرلىكنىڭ ئالقىشى

### خەلق ئاغزىدىن

خۇدايىم ئەجرە ئەزىم بەرسۇن! دۆلەت ئابروي بەر-
سۇن! خۇدايىم بىرنى بەرسە، ئوننى بەرسۇن! كۆڭۈلدىن
كۆڭگە بارچا ئىشلەرنى ئابات قىلسۇن! ئۆمرىلىرىنى ئۇ-
زۇن، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي! بالا - بارقالىرى بىرلە
خۇدايىم بارچە بالا - قازالاردىن ساقلاپ ھەممە مۇرات
مەقسۇدۇڭغا خۇدايىم ئولاتلىرى بىرلە بالا خوتۇن، ئاتا-
ئانالىرىنى جىمى ئاپەتلەردىن، قەرزدارلىقتىن، قۇرۇق سۆز
قۇرۇق تۆمەتتىن، زالىمنىڭ زۇلمىدىن، كۆرۈنۈر كۆرۈن-
مەس بالا قازادىن، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلاسۇن! قو-
لۇڭ كەيىنڭگە باغلانماسۇن! پادىشالارنىڭ غەزىبىــدىن،
سۇخەنچىلەرنىڭ سۆزىدىن خۇدايتالا ساقلاپ خوشال -
خورام قىلسۇن، بەرەكەت بەرسۇن! ھېچ ئىشىڭنى خەقنىڭ
ئىشىدىن كېيىن قويماي ھەممىدىن ئىلگىرى قىلسۇن! يو-
لۇڭنى ئاق يوللۇق قىلغاي؛ مۇزتەرلىككە قويماي بالا
خوتۇن، پۇل - مال، يەر - سۇيۇڭگە خۇدايىم بەرەكەت
بەرسۇن! ھېچ نېمىنى خۇدايىم كەم قىلماسۇن! كـۆڭـۈلـگـە
ئوخشار خوشاللىقنى ئاتا قىلغاي! خۇدايىم ئـوغـۇل بـالا
بەرسۇن! ھېچ كىشىگە بەرمەگەن دۆلەتنى ساڭا بەرسۇن!

ماللىرىڭنى تولىدىن تولا قىلىپ بارچە ئىـــشلاردىن
خۇدايىم كۆڭلۈڭدە خىيال قىلغاندەك قىلسۇن! ھەر قايداق
كارى بارىڭنى قاملاشتۇرۇپ بەرسۇن! ھەر يەرگە قەدەم
قويسالڭ، خۇدايىم ئوڭ قىلىپ رەھمەت قىلسۇن.

## تۇرپان خەلقىنىڭ قارغىشى

مىجىت ئاخۇن، 1891 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، تۇرپان

تۇرپان خەلقى بالىلىرىنى قارغاسا، ئىلاھىم ياخشىلىق
ئۇزى كۆرمىگىن! ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگىن! ئۇرۇق - قۇ-
ياشىڭغا بالا - بارقاڭغا قاتماسۇن! دەپ، يەپ ئاغزىڭ
تىنماسۇن! چىچىپ قوڭۇلڭ تىنماسۇن! دەپ، ئوچاقـــىڭ
كۆلىنى سورۇپ ئولتۇرۇپ شۇ كۆلدەك سورۇلۇپ كەتكىن!
دەپ قارغايدو.

## تۇرپان خەلقىنىڭ ئالقىشى

بىرسى بىرسىگە ياخشى گەپ قىلار بولسا، «ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرگىن! بەختى دۆلەتمەللىك، ئىززەت ئابرويلۇق
بولغىن! سائادەتمەللىك بولغىن! رىزقى نېسىبىلىك بول-
غىن! ئوچاڭ تۆر كۆرسۇن، ئايلىڭ ئۇچا كۆرسۇن! بالا -
چاقاڭ بىرلەن، قومۇقېرىنداشلىرىڭ بىرلەن قىتىپ قوشۇپ
ئۆتكۈلۈكنى خۇدا ساڭا نېسىپ قىلسۇن!» دەپ ئالــقـاپ
دۇگا قىلۇرلار.

## شەرت ئىچكىنى

مىجىت ئاخۇن، 1891 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، تۇرپان

ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ شەرىيەتكە بارسا بۇلارنىڭ
بىرسىگە قەسەم كېلىپ قالسا، ئەلەم ئاخۇننىڭ قازىسى بۇ
قەسەم بەرگۈچىدىن بىر سەر قەسەمانى دەپ ئالادو. ئاند-
دىن بۇ قەسەم قىلادۇرغان كىشىنى، قەسەم بەرگۈچىنى، بۇ
ئىككىسىنى قازى يۇرتىنىڭ تېشىغا ئاپچىقىپ كىــشى يــوق
ھەم داراخ يوق قۇرۇق يەرگە ئاپچىقىپ بۇ ئىككىسىنى بىر
بىرىسىنىڭ بېلىنى تۇتتۇرۇپ ئاندىن قەسەم قىلۇرلار. بۇ
قەسەمنى يە يۇرتىنىڭ ئىچىدە، يە بىر داراخنىڭ تۈبىدە
قەسەم قىلسا، شۇ قەسەم قىلغان جايدا، ھەر نەرسە بولسا،
قۇرۇپ كېتەر. ئاندىن ئىككىنچى قەسەم دەرلەر.

بۇ ئىككىنچى قەسەم: بىر ئادەمگە قەسەم بېرەدۇرغان
بولسا، بۇ قەسەم ئىچەدۇرغان ئادەم قەسەم بەرگەن ئا-
دەمگە قۇران تۇتۇپ بېرەدۇر. ناۋادا ئۇچ كۆڭگىچىلىك
ناھەق بولسا، ئۇچ كۆڭگەچە ئۆلەر. ناۋادا راست بولسا،
قەسەم بەرگەن كىشى ئۆلەر. ئۈچۈنچى قەسەم دەرلەر:
بىرى بىرلەن ئۇرۇشۇپ ئالادۇرغانى بولسا، بىرىسى يوق
دېسە، بىرىسى بار دېسە، بۇلارنى مېچىتلىك سۇرار. بۇ-
لارغا قەسەم كېلىپ قالسا، قەسەم قىلغۇچى قەسەم بەرگۈ-
چىگە «مەن سېنىڭ ھەققىڭنى بەرگەن! مەن سېــنــىــكى
ھەققىڭنى بەرمەگەن بولسام، قىيامەتتە پەيغەمبىرىم قۇلۇم
دېمەسۇن! مۇسۇلمان بالىسى بولماي قالاي! خۇدا قازى
بولغاندا ئاق ئۇزۇم قارا بولسۇن!» دەپ قەسەم قىلۇر.
ئۈچۈنچى قەسەم ئۇشۇ يوسۇندا ئۆتەرلەر.

## لوپلۇقنىڭ شەرت ئىچكىنى (قايدا)

ئىككى ئادەم بىر بىرسى بىرلەن قەسەم قىلماق بولسا،
تىرمىقىنى يالاپ بېرۇرلەر. ئىككىنچى قەسىمى: مىلتىقنىڭ
ئاغزىنى يالا پېرۇرلەر. ئۈچۈنچى قەسىمى: يەتتى يەرگە
ئوت قالاپ بىردىن بىردىن ئاتلاپ بېرۇرلەر. لوپلۇق
ئۇشۇ يوسۇندا قەسەم قىلۇرلار.

## مايمۇننىڭ ئەسلى

مىجىت ئاخۇن، 1891 - يىلى7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، تۇرپان

مايمۇننىڭ ئەسلى ئادەم ئىدى. مايمۇن بوياقچى ئى-
دى. خوشنىسى ئۈچۈن گالىق ئۆتكۈزەرمەن دەپ گالىغى
يالغان چىقىپ بۇ بوياقچى نەپىزى كەتكەن. ئېنىڭ ئۈچۈن
مايمۇن بولۇپ قالغان.

گاسىل ئىبن مەمەتغازى، 1892 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تۇرپان

تۇڭگۇز ئىلگەركى زاماندا بىر قاسساپ بولغان. يابا
تۇڭگۇزنۇڭ ئاغزىدىن چىققان ئىككى پىچىقى بار، قاس-
ساپچىلىقنىڭ بەلگىسى شۇدۇر. جىڭنى ئېغىر تۇتۇپ سۇ-
رىتى بۆلەك ياڭزا بوپكەتكەن بىر پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىدا.

نايخان لوگۇچەن 1892 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى، تۇرپان

كۈيۈ دېگەن نەرسە بىر باي ئىدى. دىگانە قەلەندەر
كەلدى؛ ئۆزى يۇڭنۇڭ ئاستىنىغا كىرىبېلىپ داخانلىرىغا
«مېنى يوق دەڭلەر!» دەپ يوشۇنۇبالــدى. دىــگــانــە:
«سەن يۇڭنۇڭ ئارىسىدىن چىقمايسەن! يۇڭ بوپقال!»
دەپ دۇا قىلىبدى، ئۇ باي خۇداينىڭ قۇدرىتى بىرلەن
كۈيۈ بوپقالدى، ھېمىشە يۇڭ يەيدو.

مىتە دېگەن قۇرۇت بۇغداي تېرىيدۇغان ئادەم ئې-
كەن. بىر بالىسى تولا بولغان كىشى ئۇ ئادەمدىن بۇغداي
سوراپ كەلدى. بۇغداينىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ يوشۇن-



غىننى نامرات كورۇپ قالدى. ئۇ كىشى: «ئەي نامرات، دادام ئۆيدە يوق!» دەپ ئوغلىغا ئېيتتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ نامرات دۇئا قىلغاندا بايىقى كىشى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن مىتە بوپقالدى.

ئاق قۇشقاچ ئۆزى ئادەم ئىدى. «موسا پەيغەمبەرگە ئوت قويامەن!» دەپ قوناق يىغىچىنى ئاپ كەلدى. شۇنۇڭ ئۈچۈن خۇداي سۈرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

چاشقان ئادەم ئىدى. يالغان گالىق بەردى. خۇداي تائالا «يەرنىڭ ئاستىندىن چىقماسۇن» دەپ سۈرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

بۆرە ھەم ئادەم ئىدى. بۆرە ئۆزى قاسساپ ئىدى. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينى خەققە سېتىپ شۇ گۇنادىن سۈرەتى مۇبەددەل بولدى.

تۈلكى ئادەم ئىدى. ئانىسىنىڭ قوڭنى كولىدى. شۇڭا بولا خۇدا سۈرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

پاختەك ھەم ئادەم ئىدى. بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىنى ئىدى. ئۆز ئاتىسىنىكىدە بارغۇچە يولدا يامان ئىش قىلدى. شۇڭا بولا پاختەك سۈرىتىنى ئالدى.

پىلما تازا ئادەم ئىدى، نانۋاي ئىدى. ناننى كىچىك قىلىپ خەققە ساتادۇغان ئىدى. بۇرنىدىكى خارتۇمى نان ياقادۇغان پەلىيدۇر.

مايمۇن خوتۇن ئادەم ئىدى. ھەيز قېنىنى پاكىزە تۇتمايدۇغان ئىدى. شۇنۇڭ ئۈچۈن ئاللا تائالا سۈرىتىنى يۆرتكەپ قويىدى.

توڭگۇز ھەم ئادەم ئىدى. قۇربان ھېيتتا «قۇرباللىق قىلاي!» دەپ ئۆزى ئۆلگەن قوينىڭ گۆشىنى خەققە تولا يۆدۈردى. شۇ شۇملۇق ئۈچۈن سۈرىتى بۆلەك بوپكەتتى.

مۇشۇكما ئادەم ئىدى، يىكچى ئىدى. تاغىنىڭ يىغىچىنى ئالماي يامان يىغاچلاردىن قىلغان يىكنى خەققە سېتىپ يالغان ئېيتقان ئۈچۈن سۈرىتى مۇبەددەل بولدى.

قارلۇغاچ ھەم ئادەم ئىدى، بىر قاسساپنىڭ كېلىنى ئىدى. قوي بوغۇزلاپ كەپ قان قولى بىرلەن ئىگىنىڭ ئاستىننى تۇتۇپتىدى؛ قېيىن ئاتىسى سۆيگىلى خىيال قىلغاندا قارلۇغاچ خۇدادىن سۇراپ قۇشقاچ سۈرىتىدە بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى. قارلۇغاچنىڭ ئىگىنىڭ ئاستىندا ھېلىما قىزىل ئىزى قالدى.

ئېيىق ئادەم ئىدى، بوياقچى ئىدى. بوياقنى يامان قىلىپ ياخشى بوياقنىڭ ئورنىغا ياماننى بېرىپ خەققە ھەمىشە يالغان ئېيتقان ئۈچۈن سۈرىتى مۇبەددەل بولدى.

قارغا ئۆزى ئادەم ئىكەن. قارغا «قاق» دەپ بىر قىچىرسا، شۇ يامان بەلگى؛ جۈپ قىچىرسا، شۇ ئابداندۇر، ياخشى خەبەرلەر ئاپ كەلەدو. قارغا قايداق قىچىرسالا، شۇنۇڭغا:

«ياخشىلىق ماڭا بولسۇن!
يامانلىق ساڭا بولسۇن!
كەسسۇن ئاللا تالا
بېشىڭنى، ئەي قارغا!»
نايخان:
«ياخشىلىق ماڭا بولسۇن!
يامانلىق ساڭا بولسۇن!
ئاللا تالا بېشىڭنى،
ئەي قارغا، ساڭا كەسسۇن!»

①ئۆچۈتمەك —مازاق قىلماق، مەسخىرە قىلماق
②خاراز—جۇۋاز
③چېغىر—ھاراق
④سەبەت—سېۋەت
⑤مەشكەمەسكە—قېتىقنىڭ سېرىق سۈيى
⑥گالىق—گۇۋالىق

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەھرىرلىكىدە ئويلىغانلىرىم



خاسىيەت ئەمەت

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىش جەريانىدىكى ئەمگەكلىرى داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىغا تارقىلىش، ئومۇملىشىش، قايتا پىششىقلاپ ئىشلىنىش، تولۇقلىنىش، تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، خەلقنىڭ يۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان. نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈر ـ ژانىرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ژانىرلىرىدىن بىرى بولغان ئەمگەك قوشاقلىرى، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنى، ئۇلاردىن كېيىنرەك شەكىللەنگەن ناخشا، بېيىت، داستان، قىسسە، چۆچەك، لەتىپە، مەسەل، ماقال ـ تەمسىللەر، بالىلار قوشاقلىرى قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە يازما ئەدەبىياتىمىزنى گۈزەل ئۈلگىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنىڭ ئەينىكى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ جەۋھىرى. پىسخىكىمىزنىڭ كۆزنىكى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنىڭ قامۇسى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قارىشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

مېنىڭچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە، مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك؟

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت بىر قىسىم ئەسەرلەر سىنىپىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن، شۇڭا بۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردە خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن كۈچلۈك دېموكراتىك ئىدىيىلەر ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇنداق ئەكسىيەتچى ئاڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى مۇناسىۋەتسىز بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، شۇ سەۋەبتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىمۇ خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئامىللار ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: قورقۇنچاقلىق، قانائەتچانلىق ۋە خۇراپىي تۈسكە ئىگە رىۋايەت، ھېكايىلەر، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان تەقدىرگە بويسۇنۇش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر بۇ خىل ئىدىيىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. شۇڭا مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئالدىمىزغا كەلگەندە بۇنداق ئەسەرلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

2. خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئۆزگىرىپ چاكىنا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. فېئوداللار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر قىسىم گۈزەل رىۋايەتلەردىمۇ دىنىي تۈس خېلى ئېغىر بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەسەرلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، تەسىرى، تەتقىقات قىممىتى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئويلاشمىساق بولمايدۇ.

3. چۆچەك ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت

ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلىك ھاياتقا بولغان پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى مول فانتازىيە ۋە مۇبالىغە ئارقىلىق قىزىقارلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە چۆچەك بىر قەدەر پىششىقلانغان، قېلىپلاشقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس دېتاللىرى بولىدۇ. بەزى يولداشلار ھەرقايسى يۇرتلاردىن يىغىپ توپلاپ چۆچەكلەرنى ئەۋەتىدۇ. قارايدىغان بولساق بۇ چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن بەزى سۆزلەرنىڭ جىپسىلاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ چۆچەكلەرنىڭ توپلىغۇچىلىرىنىڭ تىل ماھارىتى يېتەرلىك بولغاچقا ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان تىل تۈسىنى بېرىپ قويۇپ، چۆچەكلەرنىڭ گۈزەللىكى، سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆرگەندە چۆچەكنىڭ تىلىغا ۋە دېتاللارنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

4. تارىخىي تەرەققىيات، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بەزى ژانىرلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن چاغلاردا يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەسەرلەر يېڭى دەۋرنىڭ روھىغا ماس ھالدا مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلىنىدۇ.

5. ماقال ــ ئەدەپ ــ ئەخلاق قائىدىلىرىنى يىغىنچاقلىغان ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت. تەمسىل ــ ھاياتتىكى بىرەر ھادىسىنى ئېنىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىبارىدۇر.

ماقال ــ تەمسىللەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز پىكرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھامان ماقال ــ تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ.

ھازىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش خېلىلا تەرەققىي قىلدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرى بويىچە ئەسەرلەر توپلام ھالىتىدە نەشر قىلىندى. شۇنداقتىمۇ بۇ كان تېخى قېزىلىپ بولمىدى.

بەزى ئاپتورلار ماقال ــ تەمسىللەرنى توپلاپ ئەۋەتىدۇ. قارايدىغان بولساق، بەزى ماقال ــ تەمسىللەر ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ماقال ــ تەمسىللەر بىلەن يا ۋارىيانت جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يا مەزمۇن جەھەتتىن قارىمۇقارشى چىقىپ قالىدۇ.

مەسىلەن: «يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» دېگەن ماقال ــ تەمسىل بىلەن «يەر ھەيدىسەڭ تۈز ھەيدە، تۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» دېگەن ماقال ــ تەمسىلگە قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاساسى بار. بۇنىڭدا ئىشنى ۋاقتىدا سۈپەتلىك بىلەن قىل، دېگەن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. لېكىن بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش قىيىن. بۇنداق چاغدا ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالمىساق كەسىپداشلاردىن، شۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەردىن مەسلىھەت سورىشىمىز، تەلىم ئېلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ماقال ــ تەمسىللەر تۇراقلاشقان، قېلىپلاشقان بولغاچقا ئۇنى خالىغانچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىپ كەلگەن قائىدىسى بويىچە ئەمەس، ئومۇملاشقان توغرىسىنى ئىشلىتىشىمىز لازىم.

6. لەتىپە ــ يۇمۇرلارمۇ ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرى ئىچىدىكى ھاياتىي كۈچى ئەڭ باي بولغان ژانىر بولۇپ، بۇنىڭ پەيدا بولۇشى ماكان جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ، زامان جەھەتتىن نىسبەتەن چەكلىمىگە ئىگە.

قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيىسى، تىلى شۇ ژانىرلارنىڭ خاراكتېرىگە، دەۋرگە ماس كېلىشى، ئۆزىنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئۇلارنى خالىغانچە بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىشكە، گۈزەل سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى يوق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

پايدىلانغان ماتېرىياللار

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»
(شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئەزىزە تۇيغۇن

# مۇقاۋا لايىھەلەشتىكى ھېس قىلغانلىرىم

كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈللۈك بارىدىغان جاي كىتابخانا دېسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن ئادەتتە مەيلى كىتاب ياكى ژۇرنال بولسۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇقاۋىسىغا دىققەت قىلىدۇ. مۇقاۋا خۇددى گۈزەل قامەتكە كىيىمنى يارىشىملىق قىلىپ كىيەلىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش دېسەك خاتالاشمايمىز. مۇقاۋىنىڭ جەلپكارلىقى كىتاب ياكى ژۇرنالنىڭ بازاردىكى ئىقتىسادىي قىممىتىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى مۇقاۋا ئوقۇرمەنلەرنى شۇ كىتاب ياكى ژۇرنالغا قىزىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، مۇقاۋىسىنىڭ كۆركەملىكى، سۈپىتى، مۇقاۋىدا ئەكس ئەتكەن مەزمۇن ۋە رەڭدارلىق ئەنە شۇ كىتاب ياكى ژۇرنالغا زور ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئالدى بىلەن مۇقاۋا ئوقۇرمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلالىسىلا، ئوقۇرمەنلەر مۇقەررەر ھالدا شۇ كىتابنى ياكى ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى مۇقاۋىلىرى، تېتول بەتلىرى ۋە سەھىپە ـ مۇندەرىجىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇقاۋا ھەرقانداق بىر ئەسەر ياكى مەجمۇئەنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، مۇقاۋىچىلىق خىزمىتى نەشرىيات، تەھرىراتلارنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان خىزمەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىزمەت كەسپىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەشرىيات ۋە تەھرىرات خادىملىرىدىن كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە يۇقىرى كەسپچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە مەن ئۆزۈمنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا مۇقاۋا لايىھەلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان قىسقىغىنە بىر قانچە يىلدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچەم ۋە تەجرىبىلىرىمنى كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

مەن «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا يېڭىدىن خىزمەتكە كىرىشكەن ۋاقتىمدىن باشلاپلا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئىلگىرى نەشر قىلىنغان نۇرغۇنلىغان سانلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. ھە دېگەندىلا ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان كۆركەم رەسىملەردە مىللىي خاسلىققا ۋە مىللىي ئەنئەنىگە تويۇنغان كلاسسىك تۈسكە ئىگە ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئەتكەن بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. مەن ئەنە شۇ مۇقاۋا رەسىملىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن خېلى كۈنلەرگىچە ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ ئىچ مۇقاۋا ۋە رەڭدار سەھىپىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بېسىلغان قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر، مۇھەببەت قىسسىلىرى، لەتىپە ـ مەسەللەر، تۈرلۈك مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە بالىلار ئويۇنلىرى قاتارلىق مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىمىزگە دائىر تۈرلۈك ژانىردىكى چوڭ ـ كىچىك ئەسەرلەرنى ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى زور قىزىقىش ئىلكىدە ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ باشقا ژۇرناللار بىلەن بولغان پەرقىنى، خاسلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەندىن سىرت، ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىمىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز خىزمىتىمگە

www.uyghurkitap.com



نىسبەتەن هاسىل قىلغان يۈزەكىي ساۋادىم ئاساسىدا تەھرىراتىمىزدىكى خىزمەت تەقسىماتى بويىچە مەنمۇ ئۆز كەسپىمنى مۇقاۋا لايىھىلەش خىزمىتىدىن باشلىدىم.

ئەڭ دەسلەپتە مەن مۇقاۋىغا يەرلىك قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، «ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ توي كىيىمى»، «ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مىللىي كىيىمى»، «ئۇيغۇر يىگىتى»، «ئۇيغۇر قىزى» قاتارلىق رەسىملەرنى تاللىدىم. بۇ رەسىملەرنى تاللاشتا ساھىبجامال قىزلارنى ۋە گۈزەل سىمالارنى تەشۋىق قىلىشنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدىم. بۇنىڭدا بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى تىپىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ رەڭدار فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشنىمۇ كۆزدە تۇتتۇم.

نەتىجىدە مۇشۇ بىر قانچە سان ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ، پىكىر ـ ئىنكاسلىرىمۇ خېلى ياخشى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن ھەر سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغان، رەھبەرلىك ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەرگەن تەنقىدىي تەكلىپ ـ پىكىرنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلغان ئاساستا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە باشلىدىم. مۇشۇ بىر قانچە يىل داۋامىدىكى مۇقاۋا لايىھىلەش خىزمىتىمدىن مەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك كۆز قاراشنى دەللىلىدىم.

بىرىنچىدىن، مۇقاۋا لايىھىلەشتە پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەر ۋاقىت يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش ۋە ماھىر بولۇش، لايىھىلىگەن ھەر بىر سان مۇقاۋىدا كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپتىن جۇلالاندۇرۇپ، ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم.

ئىككىنچىدىن، لايىھىلىگەن مۇقاۋىنىڭ سەنئەت تۈسىنىڭ قويۇق بولۇشى، رەڭدار، ئوبرازلىق بولۇشى ۋە يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، مۇقاۋىدا ئەكس ئەتكەن ھەر بىر سىزىق، چېكىتلەردىن تارتىپ، رەڭ ۋە ھەر بىر ئىنچىكە ئۇششاق دېتاللارغىچە ھەممىسىدە قويۇق مىللىي سەنئەت ۋە مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى سىڭگەن بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، لايىھىلىگەن مۇقاۋىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئېنىق بولۇش، ئەڭ تىپىك، ئەڭ ئوبرازلىق ۋە چىن، خاسلىققا ئىگە شەيئىلەر گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، دەۋرگە ماسلاشقان بولۇشى، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادكارلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرۇشى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى سەنئەت مەدەنىيىتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەن بولۇشى، ھەر بىر ساندا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە يېڭىچە خاسلىق يارىتىشى زۆرۈر.

تۆتىنچىدىن، مۇقاۋا لايىھىلەشتە بەت پىلانلاشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش، تاللانغان سۈرەت ھەجىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئورنى ۋە ئۆلچەملىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل پىلانلاش، سۈرەت چۈشەندۈرۈلۈشى، رەسسام ـ فوتوگرافلارنىڭ ئىسىملىرى قاتارلىق خەتلەرنىڭ بېرىلىدىغان ئورۇنلىرى مۇۋاپىق بەلگىلەنگەن بولۇشى، قەغەز ۋە باسما سۈپىتى ئۆلچەملىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشتىن سىرت ئەسەر بىلەن قىستۇرما سۈرەتنى زىچ ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئىچ بەتتىكى سۈرەت ئەسەر بىلەن بىرلەشكەندىن سىرت، ماۋزۇنىمۇ مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈپ، خەتنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بېكىتىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن رەسىمدە بىر قاراشتىلا مېھرىبان ۋە ئۇلۇغۋار ياشانغان ئانىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. شۇ رەسىمنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بىز مەزكۇر ئەسەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق ساغلاملىق ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان ساۋاتلارغا ئىگە بولالايمىز. شۇنداقلا ئەنئەنىۋى سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تېببىي تەجرىبىلىرى ھەققىدە ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز.

دېمەك، يۇقىرىقىلار مېنىڭ قىسقا مۇددەتلىك مۇقاۋا لايىھىلەش خىزمىتىمدىن هاسىل قىلغان يۈزەكىي چۈشەنچىلىرىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىم يەنىمۇ زۆرۈر. چۈنكى مۇشۇ كەسىپ ئۈستىدە داۋاملىق ئەستايىدىل تەتقىق يۈرگۈزىدىغانلا بولساق، بۇ جەھەتتە ھېلىھەم بىر قىسىم بوشلۇقلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇ ئەھۋاللارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ئېلىمىزدە مەملىكەت بويىچە نەشرىياتچىلىق ۋە گېزىت ـ ژۇرنالچىلىق كەسپلىرى جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. رىقابەت دولقۇنىغا دادىل يۈزلىنىش، رەھىمسىز بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى نەشرىيات ۋە تەھرىرات ئورۇنلىرى بازاردىن شاللىنىپ كەتمەسلىك، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالماسلىق، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىيالايدىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا تەھرىراتىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىش، ژۇرنىلىمىزنى مەڭگۈ ئېلىمىزدىكى مۇنەۋۋەر مەجمۇئەلەر قاتارىدا تۇرغۇزۇش، ژۇرنىلىمىز ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى يەنىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ژۇرنالنى ئەلا سۈپەتلىك قوش ئۈنۈمگە ئىگە مۇنەۋۋەر ژۇرنال شەرىپىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن يەنىمۇ كۆپلەپ ئۈنۈم يارىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز ۋە تىرىشىشىمىز زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)




### قاۋاقخانىدا

قاۋاقخانىدا ئولتۇرغان بىر مەست ئىشىكتىن بىر ئۆر-دەكنى قولتۇقلاپ كىرگەن كىشىنى كۆرۈپ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— سەن بۇ چوشقا بىلەن بىرگە ئىشلەمسەن؟

— بۇ چوشقا ئەمەس، ئۆردەك! — دەپتۇ ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ.

مەست قىلچە ئەنتەرىمەي دەپتۇ:

— مەنمۇ دەل ئۆردەكتىن گەپ سوراۋاتىمەن.



* * *

توماس كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆزدىن چوڭلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قىستا ـ قىستاڭ بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ قاپتۇ. توماس ئامالسىز دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتوبۇس بىر بېكەتكە كېلىپ توختىغاندا پوزۇر كىيىنگەن بىر خانىم چىقىپتۇ، توماس دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە جايىنى كۆرسىتىپ:

— مەرھەمەت خانىم، مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇڭ، — دەپتۇ.

* * *

مودا كىيىنگەن بىر قىز، بىر ياش يىگىت، يەنە بىر ياش نېگىر يىگىت ۋە بىر ياشانغان ئايال پويىزدا بىر ۋاگوندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

پويىز تونېلغا كىرگەن ھامان ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىرسىنىڭ چوكىكىدە سۆيگەن ئاۋازى بىلەن ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ قاتتىق تەستەك يېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. موماي ئىچىدە «پاھ! نېمىدېگەن ئەخلاقلىق قىز بۇ، يىگىتلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ پوخۇرلۇق قىلىشىغا يول قويمىدى، بۇ قىزنىڭ ئىچىمۇ تېشىدەك گۈزەل ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. ياش يىگىت بولسا: «بۇ قىزنى سۆيگەن مەن بولمىسام، ئاۋۇ نېگىر كۆي سۆيسە، مېنى بىكار بىر تەستەك سالدى» دەپ ئويلاپتۇ. قىز بولسا: «ئالدىدا مەندەك قامالاشقان گۈزەل قىز تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ بىر قېرى خوتۇننى سۆيۈپ تەستەك يېدى، ۋۇ كالۋا!» دەپ ئويلاپتۇ. نېگىر بولسا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «بۇ كىشىلەر نېمىدېگەن دۆت ھە! قولۇمنىڭ دۈمبىسىگە چوكىكىدە بىرنى سۆيۈپ، ماۋۇ ئاداشنى بىر تەستەك سالسامۇ ھېچكىم بىلمىدى!» دەپتۇ.

* * *



### بىلمەپتىمەن

سوتچى:

— سىز جاۋابكارنى پايپىقىمنىڭ ئىچىدىكى پۇلنى ئوغرىلىۋالدى دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىزچاقتىن.

— شۇنداق ئەپەندىم.

— ئۇنداقتا سىز قارشىلىق كۆرسەتمىدىڭىزمۇ؟

قىزچاق قىزىرىپ كېتىپتۇ ھەمدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەپتىمەن، — دەپتۇ.

* * *

بىر كىشى بەش ياشلىق ئوغلىنى مال بازىرىغا بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ. بالىسى دادىسىنىڭ بىردەم ئاتنىڭ تۆشىنى سىلاۋاتقانلىقىنى، بىردەم يانپىشىغا ئۇرۇپ قويۇ-

ۋاقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

—دادا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

دادىسى:

—مەن بۇ ئاتنى سېتىۋالايمىكىن دەيمەن ئوغلۇم،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

—چاتاق بولدى دادا، تۈنۈگۈن سېنىڭ خوجايىنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنتى، ئۇ چوقۇم ئاپامنى سېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ،—دەپتۇ.

**سۆيۈشتىن قورقمەن**

ياش ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايال ئوغلىغا:

—نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، تېز بېرىپ مۇئەللىمنى سۆيۈپ قوي،—دەپتۇ.

ئوغلى دەرھال:

—ئاپا، سۆيۈشتىن قورقمەن، تۈنۈگۈن دادام ئۇنى



سۆيگەنتى، ئۇ دادامنى بىر شاپىلاق ئۇردى،—دەپتۇ.

* * *

ئوقۇتقۇچى جۇغراپىيە دەرسى سۆزلەۋېتىپ، ئاي شارىنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى ھەققىدە ئالاھىدە تەكىتلەپ:

—ئايدا نەچچە مىليون ئادەم ئولتۇراقلىشالايدۇ،—دەپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن بىرسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ سالتۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ غەزىپى كېلىپ:



—نېمىشقا كۈلىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

—ئەگەر ئاي ئورغاق شەكلىگە كېلىپ قالسا، ئادەملەر قانچە قىستىلىشىپ كېتەر - ھە؟!—دەپتۇ ئوقۇغۇچى.

* * *

ناھايىتى تېز كېتىۋاتقان قاراڭغۇ مېترودا بىر ئوغۇل يېنىدىكى قىزغا:

—مەن سىزگە ۋاگوننىڭ تۇتقۇچىنى تېپىشىپ بېرەيمۇ؟

قىز سوغۇق كۈلۈپ:

—رەھمەت، مەن تۇتقۇچنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

يىگىت ھاسىراپ تۇرۇپ:

—ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا گالستۇكۇمنى قويۇپ بېرەمسىز؟

* * *

بىر كۈنى خۇرسەن بوۋاي تۈمەن دەرياسىدا قولۋاق ھەيدەپ كېتىپ بارسا، بىر پاقا قولۋاققا سەكرەپ چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

—ئەپەندىم، مەن ئەسلىدە بىر ساھىبجامال قىز ئىدىم، جادۇگەر مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. سىز مېنى سۆيۈپ قويسىڭىزلا، بىز بىللە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق.

بوۋاي پاقىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، قولۋىقىنى قىرغاققا قاراپ ھەيدەپتۇ.

—ئەپەندى، مەن راستىنلا مەلىكە بولىمەن. سىز مېنى بىرلا سۆيۈپ قويسىڭىزلا ماڭا ئېرىشەلەيسىز،—دەپتۇ پاقا يەنە.

بوۋاي يەنىلا زۇۋان سۈرمەي ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. پاقا جىددىيلىشىپ:

—سىز نېمىشقا مېنى سۆيۈپ قويمايسىز؟ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىزيا؟!—دەپتۇ. بوۋاي:

—ئاڭلىدىم خانقىز، بىراق مەن 80 ياشقا كىردىم. بۇ دېمەتلىك بولغاندا، ماڭا پەقەت گەپ قىلالايدىغان پاقىدىن بىرى بولسىلا كۇپايە.

**توپلىغۇچى: مېھرىگۈل قادىر**



قۇمغا كۆمۈلۈش



ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئادەم...؟

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS


باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 5.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001　定价:5.00 元
CHINA NATIONAL PRBLICATIONS
IMORT&EXPORT(GPOUP)CORPORATION.EXPORT DEPT.
16Gongti E.Road,Chaoyyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552